ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان
بەرگۈچىلەر ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى

# «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) دىن سوئال جاۋابلار

(ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قىسمى)

نۇرمۇھەممەت زامان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر
ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى

# «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4)
# دىن سوئال - جاۋابلار
## (ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قىسمى)

تۈزگۈچى: نۇرمۇھەممەت زامان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەمراجان سونۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئادىلجان ئابدۇللا

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر
ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى
**«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4)**
**دىن سوئال - جاۋابلار**
**(ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قىسمى)**
تۈزگۈچى: نۇرمۇھەممەت زامان

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 6.5
1998 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 5000

---

ISBN 7 — 5631 — 0533 — 6/G • 541
باھاسى: 8.00 يۈەن

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن ئىنچىكە ماتېرىيالنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر ۋە تولىمۇ ئېھتىياجلىقتۇر.

قولىڭىزدىكى تەكرارلاش ماتېرىيالى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق قايتا تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1995 - يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) (ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قىسمى) دېگەن كىتاب ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلدى. چۈنكى بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئالىي مەكتەپلەرگە دەرسلىك قوللانمىسى ھەمدە ئىمتىھان سوئالى چىقىرىشتىكى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنغان كىتاب.

بىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ تەكرارلاش ماتېرىيالىنى تۈزۈپ چىقىشنى دەرسلىك كىتاب ئاپتورى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى، دوتسېنت نۇرمۇھەممەت زامانغا ھاۋالە قىلدۇق ۋە نەشر قىلىپ تارقاتتۇق. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسىغا ئىمتىھان بەرگۈچىلەر مۇشۇ يېتەكچى ماتېرىيال ئاساسىدا تەييارلىق قىلسا بولىدۇ.

ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش كومىتېتى ئىشخانىسى

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] 7 [illegible] 1995 [illegible]

[illegible] (4) [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

# مۇندەرىجە


بىرىنچى بۆلۈم: دېموكراتىك ئەدەبىيات ………… 1

ئىككىنچى بۆلۈم: ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات ……… 60

ئۈچىنچى بۆلۈم: جەڭگىۋار ئەدەبىيات …… 107

قوشۇمچە: ئۆلگە

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4)

(ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى) دىن ئىمتىھان

سوئاللىرى ……………………………… 190

سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى……………… 196

# بىرىنچى بۆلۈم

# دېموكراتىك ئەدەبىيات

1 ـ سوئال: ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى نېمە ئۈچۈن دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈمىز؟

جاۋاب:

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئىچكى قانۇنىيىتى، تەرەققىيات جەريانى، يۆنىلىشى، خاھىشى ۋە بۇ جەرياندا مۇھىم رول ئوينىغان يازغۇچىلار، ئەسەرلەر ۋە باشقا ئەدەبىي ھادىسىلەرنى تارىخقا كىرگۈزۈش؛ ئەدەبىياتنىڭ بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۈستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىدىكى سىياسىي، پەلسەپە، ئەخلاق، دىن، تارىخ قاتارلىق پەنلەر تەرەققىياتى بىلەن بولغان قويۇق تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈش ئاساسىدا مۇكەممەللەشكەن بىر ئەدەبىيات دەۋرى ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈمىز.

2 ـ سوئال: ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈشنىڭ پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملىرى نېمە؟

جاۋاب:

1. ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي كۆرەشتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، دەۋر روھىدىن يىراقلاپ كەتمەسلىك لازىم.

2. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىي

خاھىشچانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىش لازىمكى، ھەرگىز دورامچىلىق، شەكىلۋازلىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى رامكىسى ئىچىگە سىلىپ، ئۇلار قانداق قىلغان بولسا شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دەۋر، باسقۇچلارغا قانداق بۆلگەن بولسا، شۇنداق بۆلۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

3. دەۋرلەرگە بۆلۈشتە جەمئىيەت ۋە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ رېئال، كونكرېت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە يۈنىلىشىنى ئاساس قىلىش لازىم.

4. تارىخنىڭ قىياپىتىنى بۇرمىلىماي، راستچىللىق بىلەن ئەينەن ۋە توغرا بايان قىلىش، ماركسىزمنىڭ تارىخي ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشى ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

## 3 ـ سوئال: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قايسى دەۋردىن باشلاندى، نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب:

بۇ ئەدەبىيات دەۋرى 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىن باشلاندى. چۈنكى، بۇ ئەدەبىيات مەزمۇن، تېما، ئۇسلۇب خاھىشىنى يېڭىلاپلا قالماي، ژانىر، شەكىل، بەدىئىي تىل قاتارلىق ئىستىلىستىك ئامىللار جەھەتتىنمۇ يېڭىلىنىپ، دەۋر روھىنىلا ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ كەلگۈسىدىكى گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى،

ئۇمىد ـ غايىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي ئەدەبىياتىغا ئايلاندى. خەلق قەلبىگە ئورناپ، دەۋردىن دەۋرگە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ ئومۇملىشىپ ۋە ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلىپ، سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. ئۆز قىممىتىنى، ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي مىراسىغا ۋە مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلاندى.

**4 ـ سوئال: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ئۇلار قايسىلار؟**

**جاۋاب:**

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن 1933 ـ يىلىدىكى «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گىچە بولغان دېموكراتىك تەلەپلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئارىلىقنى بىرىنچى تەرەققىيات باسقۇچى؛ 1933 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك مەزمۇن قىلىنغان ئارىلىقنى ئىككىنچى تەرەققىيات باسقۇچى؛ 1944 ـ يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىن دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 1949 ـ يىلىغىچە بولغان ئازادلىق ئۇرۇش جەريانىنى ئۈچىنچى تەرەققىيات باسقۇچى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنداق بۆلۈش ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر

خەلقىمىزنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق، مەزمۇنغا باي، مۇرەككەپ بولغان مۇشۇ كۈرەش مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە ئۇنىڭ توپ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشكە قولايلىقتۇر.

**5 - سوئال: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات قانداق ئاكتىۋال تەلەپلەرنى ئەكس ئەتتۈردى؟**

**جاۋاب:**

شىنجاڭ - ئەزەلدىن گۈزەل، بايلىقى مول، تەبىئىي شارائىتى ياخشى جاي بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئاز ساندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى، مىللەتارىستلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، ئىنساپسىزلىقى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىنى بەرمىدى. بۇ بايلىققا چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭمۇ كۆزى چۈشۈپ، ئۇزلۇكسىز تۈردە بۇلاڭچىلىق، تالان - تاراج قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بايلىق، بۇ گۈزەللىك خەلقىمىزگە بەخت - سائادەت، شادىيانىلىق ئورنىغا خورلۇق، زۇلۇم، ئازاب ئېلىپ كەلدى، جاھانگىر ۋە فېئودال كۈچلەر ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ زوراۋانلىق، تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈپ، مىڭلاپ يىللار مابەينىدە كەشىپ قىلىنغان ۋە يارىتىلغان مەدەنىيەت ھەم ئەدەبىياتىمىزنى تولدۇرغۇسىز زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ ھەقتە تارىخچى ھەم شائىر موللانازىم موللانىياز 1921 - يىلى يېزىپ قالدۇرغان

«كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار» ناملىق تارىخىي خاتىرىسىدە ئېنىق خاتىرە قالدۇرغان.

روشەنكى، تۆرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. ئۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ، ۋەقەلەر ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ، ئەسەردە نامايان قىلىنغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشىدۇر. ئىجتىمائىي قالاقلىققا، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى كەيپىيات - خەلقنى ئاقارتىش، ئويغىتىشقا، نادانلىق ۋە نادامەتكە، زۇلۇم - زۇلمەتكە، زورلۇق - زومبۇلۇققا قارشى تۇرۇپ، ئىلغارلىق، تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتەك روشەن ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن خاراكتېرلەنگەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزمۇ بۇ دەۋرنىڭ قەدىمگە ماسلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۆرەشلىرىنى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتەك كەسكىن تەلپىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن خەلق قوشاقلىرى، داستانلىرى ۋە لەتىپىلىرى مەنچىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ خەلققە سالغان قاتمۇ قات زۇلمىنى، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلىدى.

6 ـ سوئال: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب:

ھاياتىنىڭ تەلىپى ۋە دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى نەتىجىسىدە، ئەدەبىياتنىڭ رېئال ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ زىچ بولغانلىقى، پۈتۈن ئەدەبىياتىمىزنىڭ زور دەرىجىدە رېئالىزمغا يۈزلەنگەنلىكىنى ئەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەك. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۆز ۋۇندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زاماندىن ۋە زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىدىن زارلاش، رېئاللىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈش كەيپىياتلىرى بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئىللەتلەرنى بىۋاستىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا تەنقىد قىلىپ، تەنقىدىي رېئالىزم يولىغا يۈزلەندى. ئەدەبىياتىمىزدا تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىشى ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدا تاشلانغان زور بىر قەدەم بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ژانىر جەھەتتىمۇ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى. ئەدەبىياتىمىزغا ئىجتىمائىي پاجىئە ۋە دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئەدەبىياتىمىز مەزمۇن جەھەتتىنلا چوڭقۇرلىشىپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئالدىغا زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش

تەلىپى ۋە زۆرۈرىيىتىمۇ قويۇلدى. بۇ تەلەپ ۋە زۆرۈرىيەت تەبىئىي ھالدا قوشاق، لەتىپە، داستان قاتارلىق خەلق ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ژانىرلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە قوشاقچىلىق ۋە داستانچىلىقىمىز رومانتىك ۋەقەلەر، ئەنئەنىۋى سۇژىتلار تېمىسىدىنن ھالقىپ ئۆتۈپ، رېئال ۋەقەلەر زېمىنىدا خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى.

**7 ـ سوئال: «ئابدۇراخمان خان خوجا» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟**

**جاۋاب:**

بۇ داستاندا خوتەن خەلقىنىڭ ئىستىبدات مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۆرەشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، زوراۋانلىققا، زۇلۇمغا قارشى چىققان ئىسيانچىلارنىڭ چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتى، كۈچلۈك ئىرادىسى، ئۆز يۇرتىنىڭ ئازادلىقىقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن جانپىدالىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئەسەردىكى باش قەھرىمان ئابدۇراخماننىڭ قەيسەرلىكى مەدھىيىلەنگەن.

**8 ـ سوئال: سەلەي چاققان كىم؟**

**جاۋاب:**

1816 ـ يىلى قەشقەر شەھرىنىڭ ئوپال يېزىسىدا

توغولوپ، 1906 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر قىزىقچى، لەتىپىچى، خەلق سەنئەتچىسى.

## 9 ـ سوئال: سەلەي چاققان لەتىپىلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

جاۋاب:

سەلەي چاققان ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن رېئال تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ ئاساسلىق تېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ ئۆتكۈر تىللىق، ھازىر جاۋاب، پاراسەتلىك، زېرەك بولۇپ چوڭ سورۇنلاردا چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ قول چوماقلىرىنىڭ يىرگىنچلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالىغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: لەتىپىلىرىدە سۆز ئارقىلىق كۈلكە پەيدا قىلىپ، ھاكىم، ئەمەلدار، بەگ، بايۋەچچىلەرنى ھەجۋ قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ قىزىقچىلىق، سۆزمەنلىك خىسلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، قايغۇ ۋە خۇشاللىقىدا سىرداش دوستى بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ لەتىپىلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغان.

10 ـ سوئال: خەلق داستانلىرى ۋە ناخشا ـ قوشاقلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى دەيمىز؟

جاۋاب:

خەلق داستانلىرى، ناخشا ـ قوشاقلىرى ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇنلىغان رېئال تارىخىي ماتېرىياللار سىڭدۈرۈۋېتىلگەچكە، بۇ ماتېرىياللار ئاشۇ دەۋرلەرنى چۈشىنىشىمىزدە تولىمۇ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ دەۋر ئىچىدە چېكى سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەش پائالىيىتى، باتۇرلۇقى، قەھرىمانلىقلىرى خەلق قوشاقلىرى ۋە داستان، لەتىپىلىرىدە يۈكسەك ماھارەت بىلەن خاتىرىلەنگەن.

11 ـ سوئال: تۆمۈر خەلپە ھەققىدىكى قوشاقلاردا قانداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب:

تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى 1911 ـ يىلى قۇمۇلدا پارتلىدى. بۇ قوزغىلاڭدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئۇنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوراللىق قوشۇن ئەۋەتىدۇ، لېكىن تاغ ئېغىزىدا پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان

تۆمۈر خەلپە قوشۇنى ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئۇلار نۇرغۇن قورال - ياراق، ئات - ئۇلاغلارنى غەنىيمەت ئېلىپ ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرىدۇ. بىراق قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى تۆمۈر خەلپە 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۇرۇمچىدە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلارمۇ پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ ھەقتە يېزىلغان قوشاقلاردا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر خەلپىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى مەدھىيىلەنگەن، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى پاش قىلىنغان، مەسخىرە قىلىنغان ۋە ئۇلارغا نەپرەت بىلدۈرۈلگەن.

**12 - سوئال: سېيىت نوچىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

سېيىت نوچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان باتۇر، مېھنەتكەشلەرنىڭ شەپقەتچىسى، ئۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئۇنى دەرھال قوشاققا قېتىپ، راۋاب بىلەن ئېيتالايدىغان خەلق سەنئەتچىسى.

سېيىت نوچى 1875 - يىلى قەشقەر تۈمەن دەرياسى بويىدىكى خۇمدانچىلار مەھەللىسى كوزىچى يار بېشىدا نامرات

ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى تولىمۇ مۇھتاجلىقتا ئۆتكەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ، ئاچ - زارلىقتا چوڭ بولغان. ئۇنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشى زالىملارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، خەسىسلىكى، ئامباللارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى شىنجاڭ خەلقىنىمۇ ئىلھاملاندۇردى. سىبىيت نوچى بۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئىنقىلابىي تەشكىلات مۇھىت - شارائىتقا ماسلىشىپ، مىللىي ۋە دىنىي چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلىغان.

1920 - يىلى سىبىيت نوچى ئۆزىگە ئوخشاش نامراتلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىدۇ. قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستاندا ئىستىقامەت قىلىپ ئارىلايدۇ. ئۇ جايلاردا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ھايات سىبىيت نوچى ئىدىيىسىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئورنىتىلغان بۇ يېڭى تۈزۈم، يېڭى ھاياتنىڭ سەۋەبى، ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە قىزىقىدۇ. ئۇ 1923 - يىلى ئاقسۇ ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىگە قايتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ۋە لېنىن توغرىسىدا بۇرادەرلىرىگە زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ.

1923 ـ يىلى[1] ئۆچتۇرپاندا زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ، سېيىت نوچى قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. بىراق بۇ قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سېيىت نوچى خەنزۇچە يېزىلغان بۇيرۇقنامىنى كۆتۈرۈپ ئانا يۇرتى قەشقەرگە كېلىدۇ. ئەمما نادان سېيىت نوچى ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنىڭ هىيلىگەرلىكى، خۇپسەنلىك ئۇسۇلىنى بايقىيالماي ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى قەشقەر دوتىيىگە ئۆزى كۆتۈرۈپ ئاپىرىدۇ، ئاقىۋەت 50 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا قاتتىق ئېچىنىدۇ، ئەپسۇسلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز هاياتىدىن مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان نادان مىللەت ئۈچۈن بىر ئاچچىق ساۋاقنى يەكۈنلەيدۇ، بۇ قانلىق ساۋاق ئارقىلىق خەلققە نەسىهەت قىلىدۇ.

**13 ـ سوئال: ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەهىپىسىدە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داهىيسى لېنىن ئوبرازىنى ئەڭ دەسلەپ تەسۋىرلىگەن كىشى كىم؟**

**جاۋاب:**

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەهىپىسىدە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داهىيسى لېنىن ئوبرازىنى ئەڭ دەسلەپ ئۆز قوشاقلىرىدا ياراتقان ۋە تەسۋىرلىگەن كىشى — سېيىت نوچىدۇر. ئۇ

---

[1] ئىزاهات: كىتابتا 1924 ـ يىلى دېيىلگەن، ئەمەلىيەتتە 1923 ـ يىلى دېيىلگىنى توغرا (ئاپتور).

«روسىيەدە ئاتقان تاڭ»، «ئوخشايدۇ»، «لېنىن يولى بىلەن» قاتارلىق قوشاقلىرىدا ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلابىنى ۋە لېنىننى مەدھىيىلىگەن ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى يېڭى دەۋرنىڭ بىردىنبىر تەرغىباتچىسى بولغان.

**14 - سوئال: سېيىت نوچى شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈڭ.**

**جاۋاب:**

سېيىت نوچى ئۆز قوشاقلىرىدا جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىكلىكى، ئامباللارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، رەھىمسىزلىكى، خەلقنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىدى. شۇنداقلا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئويغانغان ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ جاسارىتىنى، خەلقنىڭ ئويغىنىپ، تەشكىللىنىپ زوراۋانلىققا، تەڭسىزلىككە قارشى كۆرەشكە ئاتلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئورنىتىلغان يېڭى تۈزۈم، يېڭى ھاياتنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ، ئەمگەكچىلەرگە بەخت ئاتا قىلغان يېڭى تۈزۈمنى مەدھىيىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدىكى يېڭى دەۋرنىڭ بىردىنبىر تەرغىباتچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن رېئالىستىك قوشاقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كەڭ تارقىلىپ كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان. ئۇ يەنە بارلىق مېھنەت ئەھلىنى -

ئەمگەكچىلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش بەختلىك، ھۆر ھايات يارىتىش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىردى.

سىبىت نوچىنىڭ جەڭگىۋار قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رېئالىستىك ئەدەبىياتىغا يول ئېچىپ بەردى.

**15 - سوئال: سىبىت نوچى ئۆز داستانى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق نەسىھەت قالدۇردى؟**

جاۋاب:

سىبىت نوچى ئۆز داستانىدا ئۆز ھاياتىدىكى قانلىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىش، تەرەققىي قىلىش ئوقىتىسىدىن نادانلىق، ساۋاتسىزلىق ھالاكەت يولى ئىكەنلىكىنى، ئەۋلادلارنى بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ، ئەلگە نەسىھەت قالدۇردى.

**16 - سوئال: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قانداق ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا شەكىللەنگەن؟**

جاۋاب:

ئەينى يىللاردا پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، شىنجاڭنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ

ئىنقىلاب ۋەزىيىتىدىمۇ زور بۇرۇلۇش بولدى. 1911 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى، 1912 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى ئىلى قوزغىلىڭى، 1912 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ھەيۋەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابىي كۈچلەر تېخىمۇ ئۆلغايدى. شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلىغان قوزغىلاڭلار ئىنقىلاب تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرگە خاتىمە بېرىش ئاساسىدا، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ، ئاشكارا تەنقىد قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن، تېما ۋە خاھىش جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ژانىر، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە بەدىئىي تىل جەھەتتىنمۇ بېيىش، يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولدى.

**17 ـ سوئال: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساس ۋە ئامىللار قايسىلار؟**

**جاۋاب:**

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئەنئەنىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاندىن سىرت، چەت ئەل ئىلغار ئەدەبىياتى ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى - مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، چەت ئەللەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ۋە تەنقىدىي قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئىلىم - پەن، مائارىپ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان زۇلمەتلىك زاماندا، ئىسلاھات بولىۋاتقان چەت ئەللەرنىڭ تەسىرى بىلەن بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەرلەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ياۋروپا، روسىيە، ھىندىستان، ئىران، مىسىر قاتارلىق جايلارغا سودا ئىشلىرى بىلەن بېرىپ، يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىلغار يېڭى پىكىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىشىنى يۈكسەلدۈردى؛ 1917 - يىلى روسىيەدە پارتلىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى، سودا ئالاقىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودا ـ سانائىتىنى گۈللەندۇرۇپ، بازارلارنى ئاۋات قىلىپلا قالماي، بەلكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بىر تۈركۈم ئىلغار كۆچلەر مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئەدەبىيات ساھەسىدە رۇس ئەدەبىياتى، قازاق ئەدەبىياتى، ئۆزبېك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. سوۋېت ئەدەبىياتى تەسىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ بېرىشى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ئاساسلارنىڭ يەنە بىرسىدۇر.

**18 ـ سوئال: شىنجاڭدا نېمە ئۈچۈن 20 ـ يىللاردا داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئىنقىلابى مەيدانغا كېلەلمىدى؟**

**جاۋاب:**

شىنجاڭدا 20 ـ يىللاردىن باشلاپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. مانا بۇ ئەسەرلەر مېھنەتكەش خەلقنىڭ مەنىۋى قورالى بولۇپ قالدى. مۇشۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەر مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ قەلبىدىمۇ يېڭىچە ئاڭ ـ سەۋىيە، يېڭىچە

كەيپىيات، يېڭى مەسلەك باش كۆتۈرۈپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى مىللەتنى ئازاد قىلىشنىڭ يېڭى يولى دەپ تونۇدى. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە لېنىن غايىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلۇشقا باشلىغان ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئەمما بارغانسېرى كەڭ قانات يېيىپ، ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر شىنجاڭغا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالغان مۇستەبىت ياڭ زېڭشىننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ياڭ زېڭشىن ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ لوق گۆشتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، شىددەت بىلەن دولقۇنلاپ كېلىۋاتقان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆتۈرۈلگەن «4 - ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى توستى. قاتتىق چەكلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇنى تۈزۈم قىلىپ بېكىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەر بولۇشنى توختىتىۋەتتى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 20 - يىللاردا شىنجاڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ ئىسلاھات، ئىنقىلاب قوزغاش ئۈچۈن كەسكىن بەس - مۇنازىرىنى قانات يايدۇرىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەت شەكىللىنەلمىدى.

**19 - سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىم، ئۇنىڭ ھايات - پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب:

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىيەت ساھەسىدە، سىياسىي ئىدىيولوگىيىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان مەرىپەتپەرۋەر شائىر.

ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئوغلى 1901 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇرپان شەھرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى شۇ دەۋردە مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئىدى. شۇڭا ئۇ مەكتەپ يېشىغا يەتمەيلا ئائىلىسىدە ساۋادىنى چىقىرىپ بولغان. 12 يېشىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. كلاسسىك ئەدەبىياتقا ھەۋەس باغلاپ ناۋايى، فۇزۇلى، ئۆمەر ھەييام، فىردەۋس، شەيخ سەئىدى قاتارلىق شەرق كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن ئوقۇغان. 1916 - يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى سودىگەرچىلىك بىلەن روسىيىگە بارغاندا، ئۇ بىللە بېرىپ، شەمەي شەھرىدە بىر مەزگىل رۇس تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە تۇرپاندا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن. ئۇ، ئوقۇش جەريانىدا مەكتەپ قائىدىسىگە مۇۋاپىقلىشىپ ئۆزىگە خاۋېنسەي ( 哈文才 ) دەپ ئىسىم قويغان. ئوقۇش جەريانىدا «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانلىرىنى ئوقۇغان. 1923 - يىلى بىر تۇركۈم ياشلار بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئۈچ يىل تۇرۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا پۇشكىن، لېرمونتوۋ،

لېۋ. تولستوي، ماكسىم گوركى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ. 1926 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ۋەتىنىدە خەلقىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا خورلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. 1927 ـ يىلى مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنانە توپلاپ مەكتەپ ئاچىدۇ. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مىلىتارىست جىن شۇرېن تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۇرپانغا جازا قوشۇنى ئەۋەتىدۇ. دېھقانلار قوشۇنى ھەم ئىشلىتىپ دۈشمەننى تارمار قىلىدۇ. شائىر «مۇزلىدى» دېگەن شېئىرىدا شۇ ۋاقىتتىكى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 1933 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئەجەللىك زەربە يەپ، ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي تۇرپانغا كەلگەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى دەپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. بۇ چاغدا شائىر «ئىچى پۇشۇش» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ دۈشمەن سۇيىقەستىنى پاش قىلىدۇ. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەبداشلىرى بىلەن بىرگە باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ.

**20 ـ سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى قانچىلىك، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرى قايسىلار؟**

**جاۋاب:**

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىسقىغىنە ھاياتىدا قىممەتلىك

ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى 100 پارچىدىن ئاشىدۇ. ۋەكىللىك ئەسەرلىرى: «ئويغان»، «غەزەپ ۋە زار»، «زۇلۇمغا قارشى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆكۈل خاھىشى»، «ئۇيغۇرۇم»، «ئاچىل»، «چىراغ» قاتارلىقلار.

**21 ـ سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا قانداق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان؟**

**جاۋاب:**

1. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ، ئەكسىيەتچىل تۈزۈمنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي ماھىيىتىنى، ھاكىمىيەتنى قولدا تۇتۇپ تۇرغان فېئودالىزمنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى ياڭ زېڭشىن بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى فېئودالىزمنىڭ مەنىۋى ھىمايىچىلىرى ۋە گۇپپاڭچىلىرىنىڭ خەلققە، بولۇپمۇ كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغا ۋەھشىيلەرچە زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقى، مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىدۇ.

2. شېئىرلىرىدا ئۆزىنىڭ جەسۇرانە روھىنى نامايان قىلىپ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەشتە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. ئىجتىمائىي تۈزۈمنى توغرا تەھلىل قىلىپ، جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ، ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىدا ئىڭراۋاتقان خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — كۈرەش بىلەن زۇلۇم تاغلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئويۇشۇپ ئىنقىلاب قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

4. خۇراپاتلىقنى قاتتىق سۆكۈپ، ئىلىم - پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە زۆرۈرىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خۇراپاتلىق، فېئوداللىقنى تەرغىب قىلغۇچىلار ۋە قوغدىغۇچىلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى پاش قىلىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ.

**22 - سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەڭ؟**

جاۋاب:

1. شائىر ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق دۆلەتنىڭ نامراتلىقى، قالاقلىقى، خەلقنىڭ نادانلىقى، ئىلىم - پەندىن مەھرۇم قالغانلىقى نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، قاتتىق نارازىلىقىنى ئىزھار قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئۈمىدۋارلىق روھىنى، يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا ئىنتىلىشتەك

ئۇلۇغۋار ئىستىكىنى، تەرەققىيپەرۋەر، دېموكراتىك ئىدىيىسىنى نامايان قىلىدۇ.

2. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى يارقىن، ئوبرازلىق، جانلىق، شوخ، يېقىملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. لىرىك شېئىرلىرىدا كىشىلەرنىڭ پاك ھېس - تۇيغۇلىرى، مۇھەببەت كۈيلىرى، كۆڭۈل رىشتىسى، يۈرەك سادالىرى، پاساھەتلىك تىل بىلەن ئوبرازلىق پىكىرلەر ئۈستىگە يىغىنچاقلانغان.

3. ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئەدەبىياتنىڭ سىپىلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، سىمۋوللاشتۇرۇش، كۆپتۈرۈش - مۇبالىغە قىلىش قاتارلىق ھەر خىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئەكس ئەتتۈرگەن.

4. شائىر كلاسسىك ئەدەبىيات، چەت ئەل ئەدەبىياتى ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، شېئىرلىرىغا قويۇق مىللىي تۈس بېرىپ، ئۇنى ھەقىقىي مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. ئۇ مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنى تىپىكلەشتۈرگەن ھالدا روشەن ۋە كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى.

## 23 - سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۈپ ئىدىيىسى نېمە؟

جاۋاب:

زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش ياساش ئارقىلىق، يېڭى دۇنيا — خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش.

**24 - سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى شەرھلەڭ.**

جاۋاب:

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پۈتكۈل ھايات پائالىيىتى، ئىجادىيىتىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سىياسىي جەھەتتە جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي ئاڭغا ئىگە دېموكراتىزمچى؛ ئىدىيە جەھەتتە، سوۋېت ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا ئۆز ئېڭىنى يېڭى ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرغان ئىنقىلابىي جەڭچى؛ ماتېرىيالىستىك دۇنيا قارىشى ۋە دېئالېكتىك نۇقتىئىنەزىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىۋاتقان مۇتەپەككۇر؛ مەدەنىيەت جەھەتتە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى مىللىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى مەرىپەتپەرۋەر؛ ئەدەبىيات جەھەتتە بولسا، ئىجتىھاتلىق ۋە تالانتلىق شائىر. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ھاياتىنى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى، ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغۋار كۈرەشكە مەردانىلىق بىلەن تەقدىم قىلغان پاك ۋىجدانلىق، قەيسەر ئىرادىلىك جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ

باتۇر ئوغلانى.

25 - سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دىنىي خۇراپاتلىققا، تەقدىرگە قانداق قارىدى؟

جاۋاب:

1. ئۇ، ئىلاھقا، تەقدىرگە ئىشىنىش ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە ئىشىنىپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى چوڭقۇر ۋە توغرا تەھلىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى توغرا تونۇيالىدى. جەمئىيەتنى، خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ توغرا يولى — كۆرەش بىلەن زۇلۇم تاغلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش دەپ قارىدى.

2. ئۇ، دىن فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە ماسلىشىپ، خەلقنى ئېزىدىغان قورال، تۈرمۇشتىن تارتىپ ئىجتىمائىي ئاڭغىچە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خەلقنىڭ پۇتىغا سېلىنغان كىشەن، بويىنىغا سېلىنغان تاقاق، دەپ قارىدى.

3. زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي ئۈمىدسىزلەنگەن، تەقدىرگە تەن بەرگەن، شۈكرى - سانا بىلەن ئۆتۈۋاتقانلارنى ئىنقىلابىي روھنى ئۇرغۇتۇشقا، روھىي دۇنياسىدىكى ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىلغار دۇنيا قاراش تىكلەشكە ئۈندىدى؛ خەلقنىڭ ئېغىر ئازاب دېڭىزى ئىچىدە قالغانلىقى بىلەن كارى بولماي راھەت - پاراغەتتە ياشاۋاتقان، شۇنداق ئىمتىيازغا ئىگە

بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى شىجائەتلىك سانايدىغان، كۆرۈنۈشتە تەقۋادار موللا، ئەمەلىيەتتە خىيانەتچى، پارىخور، تاماگەر، ئاچ كۆز روھانىيلارنى ئەيىبلىدى ۋە قاتتىق تەنقىد قىلدى. قىسقىسى، مەرىپەتنى تەشۋىق قىلىپ، قالاق ئادەت كۈچلىرىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىردى.

**26 ـ سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۇيغۇرۇم» ناملىق شېئىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟**

**جاۋاب:**

شائىر بۇ رېئالىستىك شېئىرى ئارقىلىق، ئاشۇ زۇلمەتلىك ئېغىر كۈنلەردە تالان ـ تاراج قىلىنىپ، ئىلگىرىلەش يولى تاپالمىغان كىشىلەرنىڭ پىسخىك خاراكتېرىنى، مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىكى يامان ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلىدى. شۇنىڭدەك ئادەتتىكى ئىشلاردىن تارتىپ چوڭ ئىشلارغا قەدەر بولغان خىلمۇ خىل يىرگىنىشلىك ئەھۋاللارنى راسا پاش قىلدى. بۇ ئارقىلىق شائىر كىشىلەرنى نابۇت قىلغان كونا جەمئىيەتكە نىسبەتەن كۈچلۈك نارازىلىقنى ئىپادىلەپ، خەلقنىڭ خارابلاشقان تەقدىرىگە ئېچىندى. شائىر بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئىلغار دېموكراتىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان روشەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئىلمىي يۇسۇندا شەرھلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش

قىلىش، ۋەتەننى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا توسالغۇ بولىۋاتقان ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنى چوڭقۇر ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. شائىر فېئوداللىق ئاسارەت ئىسكەنجىسىدە قالغان خەلقنىڭ نادانلىق ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىغاندا خەلقنى كەمسىتمىش، ھاقارەتلەش مەيدانىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش، كۆيۈنۈش مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قالاقلىقىنى، ناچار ئىللەتلىرىنى تەنقىدلىدى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ خىل ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا، بۇ قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۈندىدى. شائىر خەلقنىڭ قالاقلىق ۋە نادانلىق ھالەتتە قېلىشىغا ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر سەۋەبچى بولغانلىقىنى قەيت قىلدۇ ۋە ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ نادانلىقتا قالدۇرۇش، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چۆكتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش، داۋاملاشتۇرۇش خام - خىيالىنىڭ ئاقىۋەت بىتچىت بولىدىغانلىقى، تارىخىي تەرەققىياتنى توسۇپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

**27 ـ سوئال: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «يەجۈجى - مەجۈجى» ناملىق شېئىرىدا ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن قانداق پايدىلانغان، مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.**

جاۋاب:

بۇ شېئىرىدا شائىر ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان، مەسىلەن شائىر خەلقنى ئۆز مەيلىچە بۇلاڭ - تالاڭ، تالان - تاراج قىلىپ، قانغىر قاخشاتقان قانخور زالىم ياك زېمىنىنى ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەھشىي مەخلۇق يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا، ئۇنىڭ توپىماس، ئاچ كۆزلۈكىنى بۆرىگە ئوخشاتتى. خەلقنى بولسا، يۇۋاش، بىگۇناھ پاقلانغا ئوخشىتىپ، ئۆزىنىڭ خەلققە بولغان كۆيۈنۈشى، ھېسداشلىقىنى، ئەكسىيەتچى زالىملارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، غەزەپ - نەپرىتىنى ئەكس ئەتتۈردى.

28 - سوئال: ئابدۇقادىر داموللا كىم؟

جاۋاب:

ئابدۇقادىر داموللا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى.

29 - سوئال: ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ھايات - پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ؟

جاۋاب:

ئابدۇقادىر داموللا ئاتۇشنىڭ مەھشەت يېزىسىدىن بولۇپ، 1862 - يىلى ئابدۇل ۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ باللىق دەۋرى ئۆز

يېزىسىدا ئۆتكەن. كېيىن قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئۇفا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەشھۇر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردە ئىلغار پىكىرلىك ۋەتەنپەرۋەرلەرنى تەشكىللەپ، چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار، ئەكسىيەتچى ئىشان - سوپىلار، تەسلىمچى جان باقارلارنىڭ ۋىجدانسىزلىقىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش ئېلىپ باردى. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە تەشكىللىشى بىلەن ئاممىۋى غەزەپكە كېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا ۋەتەن، خەلقىنىڭ تەقدىرىگە چەكسىز كۆڭۈل بۆلۈپ، جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، جاھانگىرلارنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلغانلىقى ئۈچۈن، جاھانگىرلارنىڭ تاپشۇرۇقى ياللاپ جان باقىدىغان ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن 1924 - يىلى 8 - ئايدا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

**30 - سوئال: ئابدۇقادىر دامولىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك پائالىيىتىنى بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇقادىر داموللا مەرىپەتپەرۋەر دېموكرات بولۇپ، يېڭى ئىلىم - پەن بىلەن ۋەتەننى، خەلقنى كۈلپەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلدى. شۇ دەۋردە

شىنجاڭدىكى مەكتەپلەر قالاق ھالەتتە بولۇپ، ئىلىپ بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيە پۈتۈنلەي دوگما، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە تەرەققىياتىغا، شۇنىڭدەك رېئال كۆرەشنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىمۇ پۈتۈنلەي فېئودالىزمنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان تەكرارلىنىپ كەلگەن، ياشلارنى بىزار قىلىدىغان قېلىپۋازلىق شەكلىدىن ئىبارەت ئىدى.

مانا مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئابدۇقادىر داموللا ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك ماتېرىيالى قاتارلىق تەرەپلەردە خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، مەرىپەتتىن ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ «سەرپ نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «ئىلمىي تەجۋىت» (قىرائەت)، «ئىلمىي ھېساب»، «ئاقائىت زۆرۈرىيە» (زۆرۈر ئېقىدىلەر)، «ئاقائىت جەۋھىرىيە»، «تەلىمىي سەبىيات» (بالىلار تەربىيىسى)، «فاسايىھول ئەتپال» (ياش - ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت)، «مىپتاھۇل ئەدىب» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى)، «نەسىھەتى ئاممە» (خەلق ئاممىسىغا نەسىھەت) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ، مەكتەپلەرنى دەرسلىك قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇردى. جەمئىيەتكە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەربىيىسىگە، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى

تەشەببۇس قىلدى. تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى باستۇرۇپ، ھەقسىز تارقاتتى، خەلقنى مەرىپەت يولىغا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا خەلقنىڭ تەقدىرىگە چەكسىز كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم - مەرىپەتنى، يېڭى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

**31 - سوئال: ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسىرىدە نېمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟**

**جاۋاب:**

بۇ بىر پارچە مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالە بولۇپ، ماقالىدە چەت ئەل جاھانگىرلىرىگە خۇشامەت قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارنى «مېھمان» دەپ بىلىدىغان، خەلقتىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇپ، ھە دېسىلا ئالۋاڭ - ياساق سېلىپ، خەلقنى كۆلپەت دېڭىزىغا ئىتتىرىۋاتقان ئامباللار، روھانىيلارنى قايىل قىلارلىق نەزىرىيىۋى ئاساس ۋە پاكىتلار بىلەن جىنايىتىنى تونۇۋېلىشقا، خەلقنىڭ داد - پەريادىغا قۇلاق سېلىشقا، ۋەتەن تەقدىرى، باللارنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاشقا مەجبۇرلايدۇ. خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىكنى، ئادالەت، ھەققانىيەتنى تەشۋىق قىلىدۇ. كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەر قانداق نەتىجىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ۋۇجۇدقا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، شۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئۈندەيدۇ،

غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىشىنىڭ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنى ئۈمىدۋار بولۇشقا، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم - پەن ئىگىلەپ مەدەنىيەتتە ئالغا كەتكەن مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا چاقىرىپ، تىرىشساڭ «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر» دېگەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**32 - سوئال: يۇسۇپ جۇبەيرنىڭ ھايات پائالىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

يۇسۇپ جۇبەير مول بىلىمگە ئىگە مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر. يۇسۇپ جۇبەير 1864 - يىلى قۇمۇلدا سۇنغان بەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا قۇمۇل مەدرىسىدە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىلىم ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلاردىن بولۇپ قالغان. كېيىن ئۇ خەنزۇچىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان. شەرق ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ ناۋايى، شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان. ئۇ يەنە خىمىيە، ماتېماتىكا، تېببىي ئىلىم، جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئېرىشكەن، 49 يېشىدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تەيجى ئەمىلىگە تەيىنلەنگەن. بۇ جەرياندا قۇمۇل مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

يۇسۇپ جۇبەير 1937 - يىلى ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئوتتۇرا شەرق ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ھەج سەپىرىدىن ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، تۇرپاندا تۇرۇپ قالىدۇ. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي جاللاتلىرى شائىرنىڭ يالغۇز ئوغلىنى قولغا ئالىدۇ. يۇسۇپ جۇبەير ئوغلىنىڭ دەردى - پىراقىدا ھەسرەتلىنىپ قايغۇرۇپ، 1940 - يىلى سېنتەبىردە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالىدۇ.

**33 - سوئال: يۇسۇپ جۇبەير شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب:

يۇسۇپ جۇبەير ياشلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. «غەرىبى» تەخەللۇسى بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ جاھالەتلىك تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقى، زاماندىن بىزار بولغانلىق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن، شۇنىڭدەك بىر قىسىم شېئىرلىرىدا يۇرتىنى، يۇرتداشلىرىنى، ۋەتىنىنى سېغىنىش ۋە ئۇلۇغلاش كەيپىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

غەرىبى شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس سىياسىي خاھىشچانلىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە، تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر قانچە خىل تۈر ۋە

نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلغان. ئۇ شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئىسمىنى، بىر قىسمىغا تۇغۇلغان دىيارىنىڭ نامىنى، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىغا بولسا «غەرىبى» تەخەللۇسىنى قوللانغان.

**34 ـ سوئال: ئىسمايىل ھاجى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئىسمايىل ھاجى ئاتاقلىق شائىر، مول بىلىمگە ئىگە جامائەت ئەربابى، ئۇستا خەتتات، جەمئىيەتشۇناس، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى.

ئىسمايىل ھاجى 1867 ـ يىلى خوتەننىڭ گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، 1950 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇن قىممەتلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر يازغان. ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىغا پىششىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىگەن. شۇڭا ئۆز دەۋرىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان. ئۆز زاماندا‌شلىرى تەجەللى، غەرىبىگە ئوخشاش مەشھۇر ئەدىبلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتكەن. ئىسمايىل ھاجى يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ ماڭغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جاھالەتلىك جەمئىيەتنى، ئادالەتسىز تۈزۈمنى پاش قىلىش، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرگە نەپرەتلىنىپ، يار ۋىسالىغا تەقەززا بولۇش ۋاستىسى بىلەن گۈزەل، پارلاق كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش تېمىسى خېلى زور

سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىيەت ساھەسىدىكى مول نەتىجىلىرىدىن كەڭ خەلق ئاممىسى خۇرسەن بولغان.

**35 - سوئال: ئىسمايىل ھاجىنىڭ ئىلغارلىقى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟**

**جاۋاب:**

ئىسمايىل ھاجى ئەينى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى، تەبىقە، سىنىپلارنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، قالاق، مۇتەئەسسىپ ئىدىيىدىكى خۇراپىي موللىلار، ئىشانلار، مۇتىۋەرلىك تونىغا ئورىنىۋالغان، ئىنساپ - دىيانەتنى بىلمەيدىغان ئاچ كۆز بايلار بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلىشىپ، ئادالەتنى، ھەقىقانىيەتنى ۋە ھارام تاماقلىق، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ھامان سورىقى بولىدىغانلىقىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن تەشۋىق قىلغان؛ ئۆزى بولسا، بايلىقنى، ئەمەلنى دوست تۇتماي، ئاددىي - ساددا ياشىغان. ئاجىز، نامرات، ئېزىلگۈچىلەر تەبىقىسى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. شۇ خىل مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراشتىكى كۆپلىگەن ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

**36 - سوئال: ئابدۇللا ھاپىز كىم؟**

**جاۋاب:**

ئابدۇللا ھاپىز قوشاق توقۇش، شېئىر ئوقۇش، جەڭنامە، داستان ئېيتىش ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلققە تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر.

37 ـ سوئال: ئابدۇللا ھاپىزنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب:

ئابدۇللا ھاپىز 1875 ـ يىلى تۇغۇلغان ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيارىيۈزى قۇمۇللۇق مەھەللىسىدە ياشاپ 1956 ـ يىلى 81 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بالىلىق، ياشلىق ھاياتى ئىشلەمچىلىك بىلەن، كېيىنچە غۇلجا شەھىرىدىكى مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن يېزىسىغا قايتىپ بېرىپ، يەر تېرىپ تىرىكچىلىك قىلغاندىن باشقا، كۆپ ئۆمرىنى ساياھەت قىلىش، جاھان كېزىش، خەلق بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىش، ئەل ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. كۆپ جايلارنى ئارىلاپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ناھايىتى قويۇق ئارىلىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھازىر جاۋاب نەزم، شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە تېزلا تارقالغان. شائىرنىڭ ئۆزىمۇ خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە سەممىي مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ غۇلجا شەھرىگە كىرگەندە كۆپ ۋاقتىنى ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنىڭ بەزمىلىرىدە، ساراي ۋە ساماۋەرخانىلاردا ئۆتكۈزۈپ شەھەر بايلىرىنىڭ، شەيخ ـ سوپىلارنىڭ چىشىغا تېگىدىغان

شېئىرلانى يېزىپ، جامائەتچىلىكككە ئوقۇپ بەرگەن قىمارۋاز، لۈكچەك، ھايانكەش دەللىلەر ھەققىدە ھەجۋىي شېئىرلار يېزىپ، خەلق ئارىسىدىكى يامان ئىللەت، ناچار مىجەز، ئەسكى پەزىلەتلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ھەجۋىي قىلغان، قامچىلىغان. ئابدۇللا ھاپىز شۇ يول بىلەن خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبسىل دۇردانىلارنى قېزىپ چىققان. ئۇ يازما ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانىنى يېزىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، مەنىۋى كەيپىيات ۋە بەدىئىي خاھىشىنى ئىپادىلىگەن.

**38 - سوئال: ئابدۇللا ھاپىزنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇللا ھاپىز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم بولغان «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانىنى يازغان، 1944 - 1948 - يىللىرى (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە) بىر شېئىرلار توپلىمىنى تۈزگەن. بۇ توپلامغا 1930 - 1948 - يىللىرى يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ كىرگۈزگەن. ئابدۇللا ھاپىز «قەلەم» نى ئۆزىگە ئەدەبىي تەخەللۇس قىلغان بولۇپ، قوشاقچىلىق ئارقىلىق شېئىرىيەت ماھارىتىنى ئىگىلىگەن، پەقەت ئۆزىنىڭ تىنىم تاپماس ساياھەتچىلىك ئادىتى بويىچە ھاياتتىن چوڭقۇر ئىلھام ئېلىپ، ئۆزى كۆرگەن، ئۇچراتقان ۋەقەلەردىن شېئىر ئىجاد قىلغان. ئۇ

خەلق چۆشىنىدىغان، زوقلىنىدىغان، روھى كۆتۈرۈلىدىغان ۋە ئىبرەت ئالىدىغان تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، شېئىرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، بىۋاسىتە خەلققە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك شېئىرلىرىدىن «ئاق ئۆستەڭ ھەققىدە»، «قەلەم»، «ياخشى»، «سائادەتخانىنىڭ زارى» قاتارلىقلار بار.

**39 - سوئال: ئابدۇللا ھاپىز ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نىمە؟**

جاۋاب:

ئابدۇللا ھاپىزنىڭ شېئىرلىرىدا ئىككى خىل ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بىرىنچى، شېئىرلىرى ئاممىباب تىل بىلەن يېزىلغان، يۇمۇرلۇق بولۇپ، خەلق ئىچىگە ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، شائىر ھېچكىم ئېتىبار قىلمىغان ۋە تىلغا ئالمىغان تېمىلارنى تاللاپ، ئۇنىڭدىن بىر بەدىئىي پىكىر يارىتىدۇ. مەسىلەن، دەل - دەرەخلەر، ھايۋانات، زىرائەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ رولى، قىممىتى، خۇسۇسىيىتى ھەققىدە چىرايلىق، كۈلكىلىك پىكىر يۈرگۈزۈپ، ھەر بىرىنى ئۆز لايىقىدا جانلاندۇرىدۇ.

**40 - سوئال: ئابدۇللا ھاپىزنىڭ 1944 - 1948 - يىللىرى تۈزگەن شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نىمە؟**

جاۋاب:

شائىر توپلامغا كىرگۈزگەن شېئىرلىرىنى مەزمۇنىغا قاراپ ئىككى چوڭ باب، 42 «پەسىل» گە ئايرىغان. ھەر بىر «پەسىل» نى «پەسلى داستان، شەۋقى گۈلىستان ... ! مەجلىسىدە شېئىرى قەلەم ... توغرىسىدا يازىمەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلاپ، نەسرىي ئۇسۇلدا قىسقىچە ھېكايە بەرگەن. ئاندىن ھېكايە مەزمۇنى بويىچە ئۆز پىكىرلىرىنى شېئىر ئارقىلىق بايان قىلغان. توپلامنىڭ ئالدىنقى «پەسىللىرى» : ئاق ئۆستەڭ، دېھقانلار، زىرائەتلەر، دەل - دەرەخ، مېۋە - چېۋە، غىزا - تائاملار توغرىسىدا يېزىلغان شېئىرلار ھەمدە بايتوقاي، قاينۇق، ئارا ئۆستەڭ قاتارلىق يېزا - سەھرالارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېكايە، شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ تۆردىكى «پەسىل» گە كاسىپلار ھەققىدىكى شېئىر، ھېكايىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئاخىرقى «پەسىل» لەر «شىكايەتلەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بىلىمسىزلىك، نادانلىق، تاماخورلۇق، خەسىسلىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىدىغان ساتىرىك شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان. شۇنىڭدەك سوپى - ئىشانلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىدىغان يۇمۇر خاراكتېرلىك شېئىرلارمۇ كىرگۈزۈلگەن، توپلامنىڭ ئاخىرىغا شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى سىغدۇرگەن. بۇ لىرىك شېئىرلار شائىرنىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيىدىغان نامرات دېھقانلارغا، يېتىملەر ۋە خورلانغانلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان خەلقپەرۋەر غايىلىرىنى

نامايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شائىر 30 ـ 40 ـ يىللار جەمئىيىتىنىڭ زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ناھەقچىلىق ئەۋج ئالغان ئېغىر ئەھۋالدىن زارلىنىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئاچچىق تىل بىلەن سۆككەن. ئۆزىنىڭ جاھاندىن ۋاپا كۆرمىگەنلىكى، ھەممە يەردە ئادالەتسىزلىككە دۇچ كەلگەنلىكى، بۇ دۇنيادىن زېرىككەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى پاك ۋە ئادىل ياشاشقا دەۋەت قىلغان.

**41 ـ سوئال: «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇللا ھاپىز بۇ داستانى ئۇچۇن ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى نەسرىي ـ نەزمىي ئۇسۇلىنى تاللىۋالغان. لېكىن ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلى بۇ تېمىدىكى شۇ نامىلىق خەلق داستانلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شائىر بۇ داستاندا رىۋايەتلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق ۋە بەدىئىي ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكىنى پاش قىلغان. ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك، خىيانەت ۋە ۋاپانىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ، بۇ داستانىنى ئىدىيىۋىلىككە ۋە خەلقچىللىققا ئىگە قىلغان. بىز شائىرنىڭ داستانى ئارقىلىق 30 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئادالەتسىزلىكنى ۋاستىلىك ھالدا تەنقىد قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس

قىلىمىز. بۇ داستان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىلى 2 - ئايدا نەشر قىلىندى.

42 - سوئال: ئابدۇللا ھاپىز «يۈسۈپ - زىلەيخا» ناملىق داستانىنى جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن يازغان؟

جاۋاب:

ئىلى يېزىلىرىدىكى دېھقانلار، غۇلجا شەھرىدىكى كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەرنىڭ شائىرغا «ھاپىز» دەپ نام بېرىشى ئاساسسىز ئەمەس. چۈنكى شائىر «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانىنى مەسچىت - مەدرىسلەرنىڭ موللا - ئاخۇنلىرى، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ تالىپلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى جاھانكەشلىك ھاياتىدا كەڭ ئۇچراشقان دېھقانلار، غۇلجا شەھرىدىكى كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەر كۆپچىلىكى ئۈچۈن يازغان.

43 - سوئال: «سائادەتخانىنىڭ زارى» ناملىق شېئىرىدا شائىرنىڭ قايسى خىل ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب:

شائىر ئابدۇللا ھاپىز بۇ شېئىرىدا، نادان، قىمارۋاز، لۈكچەككە ياتلىق قىلىنغان سائادەتخانىنىڭ ئاھ - زارى ئارقىلىق، نادانلارنىڭ خورلىشى، دەپسەندە قىلىپ قىيناشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاياللارنى

كەمستىشى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلغان. شۇ يول بىلەن فېئوداللىق نىكاھ ئادىتى تەنقىد قىلىنىپ، چوڭقۇر ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدىيە ئىپچىپ بېرىلگەن.

**44 ـ سوئال: قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب:

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876 ـ يىلى قەشقەر شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە يەرلىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1908 ـ يىلى دادىسى ئابدۇرېھىم بەگ ھاجى قۇتلۇقنىمۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بىللە ئېلىپ باردى. ھەج پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قۇتلۇق ھاجىم مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدىكى «جامىئۇل ئەزھەرداربلئۇلۇم»غا ئوقۇشقا كىرىپ، مەخسۇس ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىنى ئۆگەندى. ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، ئاتىسى بىلەن بىرگە تۈركىيىگە كەلدى. ئىستامبۇلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، ئاخىرىنى بۇخاراغا كېلىپ ئوقۇدى. چەت ئەللەردىكى بىر نەچچە يىللىق ئوقۇش ھاياتى ئۇنى ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە كامالەتكە يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىغا بولغان نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھاياتقا بولغان يېڭىچە قارىشىنى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ

تۈركىيىدە مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى جاھالەتچىلىككە، قالاقلىققا ۋە مۇتەئەسسىپلىككە قارشى قانات يېيىۋاتقان ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى قۇتلۇق ھاجىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك كۆز قارىشىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىلىقنى خالايدىغان، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان دېموكراتىك ئىدىيىدىكى ئىلغار كىشىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن جاھالەتچىلىككە، نادانلىققا قارشى «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئۇ 1937 - يىلى 10 - ئايدا جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە 61 يېشىدا ۋاپات بولدى.

**45 - سوئال: قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى چۈشەندۈرۈڭ.**

**جاۋاب:**

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مەتبۇئات، نەشرىياتچىلىق ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاخباراتچىلىقىغا يېڭى يول ئېچىپ بەرگەن تۆھپىكار ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاشۇ جاھالەتلىك زاماندىلا، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىشتىكى ئەڭ جەڭگىۋار قورال قەلەم بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خىتابىنى ئەڭ يىراق جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم قورال نەشرىياتچىلىق دەپ قارىدى. نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1918 ـ يىلى «ئالڭ گېزىتى»نى نەشر قىلدى، 1933 ـ يىلى «ئەركىن ھايات» گېزىتىنى نەشر قىلدى، 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن باشلاپ «يېڭى ھايات گېزىتى»نى نەشر قىلدى. گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى باشتىن ئاخىر قۇتلۇق شەۋقى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. بۇ گېزىتلەرگە ئاساسلىقى خەلقئارا خەۋەرلەر، ئۇيغۇر تارىخىدىن ساۋات، ئىسلام ئەقىدىسىگە ئائىت بايانلار، ئەدەبىي ئەسەرلەر بېسىلاتتى.

46 ـ سوئال: قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قانداق ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يازغان، مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب:

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆز ئىجادىي ھاياتىدا شېئىر، ماقالە، تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى زۇلۇم ـ زالالەتكە، مۇستەبىتلىككە، فېئودالىزم ئاسارىتىگە قارشى تۇردى. ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى، سېغىنىشى، سۆيگۈ ـ ھېسسىياتىنى، ۋەتەننىڭ شانلىق تارىخى ھەققىدىكى شېرىن ئەسلىمىسىنى، گۈزەل ۋە پارلاق كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈشىنى تارىخىي پاكىتلار، رېئال ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىدى.

47 ـ سوئال: قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى تۆھپىسى نېمە؟

جاۋاب:

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئەينى زاماندا يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخ تەتقىقاتچىسى ئىدى. ئۇ يازغان «ۋاقىئەئى كاشغەر» ناملىق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر، مۇھىم تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە مۇزېيدا ساقلانماقتا. ئۇ يەنە، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى لۇغەتلەرنى ئۇيغۇرچە تۈزۈپ چىققان.

48 - سوئال: ناسىرھا ئىمىننىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

جاۋاب:

خەلقپەرۋەر شائىر، مەرىپەتپەرۋەر زات ناسىرھا ئىمىن 1888 - يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئاتىسىدىن يەتتە يېشىدا يېتىم قېلىپ، چوڭ دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. 9 يېشىدىن 17 ياشقىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ تولىمۇ تىرىشچان بولۇپ، مەشھۇر شائىرلارنىڭ پاساھەتلىك شېئىرلىرىنى يادقا ئېلىپ، خۇش ئاۋاز بىلەن ئوقۇغان، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «بالا ھاپىز» دەپ ئاتاشقان.

ناسىرھا ئىمىن 1905 - يىلى چوڭ دادىسى ۋە يۇرت چوڭلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن مىسىرغا بېرىپ، قاھىرەدىكى جامىئۇل ئەزھەر مەدرىسىدە 10 يىل ئوقۇيدۇ، تىرىشىپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ. 1915 - يىلى ئۆز يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، سۇ دەرۋازىدىكى

ئەلا باي مەسچىتىگە خاتىپلىققا تەيىنلىنىدۇ. بۇ جەرياندا جامائەتچىلىككە بىلىم ئېلىش، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، ئويغىنىش توغرىسىدا بىلىم بېرىدۇ. چەت ئەللەردىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى تونۇشتۇرىدۇ. قالاقلىق، نەپسانىيەتچىلىك، ئالدامچىلىق، تىرىكتاپلىقنى پاش قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. مەھكىمە ئۇنىڭ ۋەز - نەسىھەت قىلىشىنى چەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناسۇھا ئىمىن ئىشتىن ۋاز كېچىپ، شېئىر يېزىپ ئەمەلدارلار، مۇتەئەسسىپ مولللارنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت - بەشىرىسىنى پاش قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كېسەل بولۇپ قالىدۇ. مۇتەئەسسىپ قازى - مولللارنىڭ ئۇنى چەتكە قېقىشى، چەكلىشى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ناسۇھا ئىمىن بۇ مۇناپىقلارنىڭ كۆزىدىن يىراق بولۇش ئۈچۈن 1918 - يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جاغىستاي يېزىسىغا چىقىپ كېتىدۇ. 1920 - يىلى خونخاي مازارغا كۆچۈپ بارىدۇ. خونخايدا تۇرۇپ كۆپلىگەن ساتىرىك شېئىرلار يازىدۇ. سۈز سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن پاساھەتلىك شائىر سەككاكىنىڭ مازىرى مۇشۇ جايدا ئىدى. ناسۇھا ئىمىن سەككاكىنىڭ تارىخى ۋە ئەسەرلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىپ، بۇ جايغا زىيارەتكە كەلگۈچىلەرگە تونۇشتۇردى. بىراق بۇ مەزگىلدە ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ ئىلغار كۈچلەر تەقىب ئاستىغا ئېلىنىشقا باشلىدى. ئۇ 1928 - يىلى ئۆز يۇرتىدىن كۆزى قىيىمىغان ھالدا ئايرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ

كەتتى. 1955 ـ يىلى قىرغىزستاننىڭ قارا قول دېگەن جايىدا ۋاپات بولدى.

**49 ـ سوئال: ناسىھا ئىمىن شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

**جاۋاب:**

1. رېئال تۇرمۇشنىڭ كۈچلۈك دولقۇنلىرى ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭغا دەرھاللا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆز مەيدانى، كۆز قارشى، پىكىر، تەسىراتىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇش.

2. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئىنكاس قىلغان شېئىرلىرىدىكى پىكىر روشەن، ئىخچام، ئۆتكۈر بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ھەجۋىي تۈس ئالغان، خەلق تىلىغا باي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان شوخ، ئويناق، چىرايلىق، كەسكىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر نامايان قىلىنغان.

**50 ـ سوئال: ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇرېھىم ھاجى 1891 ـ يىلى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئاپئاق خوجا، ساقىيە مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئەرەب، پارس يېزىقىدىكى كىتابلارنى، قۇرئان، ھەدىسنى تەرجىمە قىلالايدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن.

1914 ـ يىلى دادىسى چوڭ ھاجى بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ، مىسىر، ئىراق، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا سەيلى ـ ساياھەتتە بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئاسترونومىيە، لوگىكا، ھەندىسە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەت، ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرى، ھەققانىي پىكىرلىرى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا، توسالغۇلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ۋاقتىنچە بۇ يولدىن قايتىپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم ھاجى 1934 ـ يىلى پەننىي مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولدى. كېيىن ئاقسۇدا ئۈچ يىل ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىدى. 1941 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە قەشقەر ھەزرەتتىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1943 ـ يىلدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغان شۆبىسىدە خىزمەت قىلدى. بۇ پېشقەدەم مائارىپچى، تالانتلىق شائىر، بوتانىكا مۇتەخەسسىسى 1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 48 يېشىدا ۋاپات بولدى.

**51 ـ سوئال: ئابدۇرېھىم ھاجى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب:

ئابدۇرېھىم ھاجى پۈتۈن ھاياتىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، قالاق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە سەرپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە قەلەمنىڭ جەڭگىۋار كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تېمىلاردا ھەر خىل شېئىرلارنى يېزىپ، زامانىنى قاماپ تۇرغان جاھالەتچىلىككە، مۇستەبىتلىك، قالاقلىق، نادانلىق، جاھىللىق، مۇتەئەسسىپلىك، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك ۋە كىشىلىك ئەخلاققا زىت بولغان ھەر خىل بولمىغۇر قىلىقلارغا شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئۇنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى مانا شۇ مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈردى.

52 - سوئال: ئابدۇرېھىم ھاجى شېئىرلىرىدا پۇل ھەققىدە قانداق كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟

جاۋاب:

ئابدۇرېھىم ھاجى ئۆز شېئىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە پۇلنىڭ جاندىنمۇ ئېزىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇ پۇل تۈپەيلىدىن دوست - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپادارلىق، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشتەك قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى، ھەتتا بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى بىر - بىرىگە ئورا كولاشتەك دۈشمەنلىك كەيپىياتقا ئايلانغانلىقىنى پاش قىلدى؛ ئەينى جەمئىيەتتە

ئومۇمي كەيپىياتقا ئايلانغان «پۇل بولسىلا ھەممە بولىدۇ» دەيدىغان كىشىلىك ئەخلاقتا زىت، چىرىك ئىدىيىنىڭ ئىنسانلارنى زەھەرلەپ باغرى قاتتىق تاش يۈرەكلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۇردى؛ بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ ئاقنى قارىغا، قارىنى ئاققا، ئاجىزنى كۈچلۈككە، كۈچلۈكنى ئاجىزغا، مەغلۇبنى غالىبقا، غالىبنى مەغلۇبقا ئايلاندۇرۇپ قويىۋاتقانلىقى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، نۇرغۇن بەختلىك ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلدى. شۇ ئارقىلىق زاماننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا نەپرەت ئوقۇدى.

**53 ـ سوئال: ئابدۇجېلىل ئابدۇللانىڭ ھاياتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئابدۇجېلىل ھاجى 1896 ـ يىلى خوتەن گۇما ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ساۋاتىنى گۇمىدىكى مەدرىستە چىقىرىپ، 16 ياشقا كىرگەندە ئۇلۇغ ئالىم تەجەللى مۇجەللىدە ئوقۇدى. ئابدۇجېلىل ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە كۆپ بىلىم ئىگىلەپ، زامانىسىنىڭ ئالىي مەلۇماتقا ئىگە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالدى. كېيىن تەجەللى داموللامىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ

قولىدا تەربىيىلەندى. 1930 ـ يىلى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇستازلىرى ئابدۇجېلىلغا «داموللا» دېگەن ئالىي ئۇنۋاننى بەردى.

ئابدۇجېلىل داموللا 1934 ـ يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ھىندىستان، ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە شائىرلار بىلەن ئۇلپەت بولدى، تونۇشتى، مۇشائىرە يېزىشتى. 1937 ـ يىلى ھەجدىن قايتىپ كەلدى، شۇ يىلى شېڭ شىسەي جاللاتلىرى شائىرنى پاجىئەلىك ھالدا قەتلى قىلدى.

ئابدۇجېلىل ئابدۇللا ئۆز ئانا تىلىدا ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن شېئىر، قەسىدە، بېغىشلىمىلارنى يازغان، شۇلاردىن بىر تۈركۈم شېئىر، بېغىشلىما، سالامنامىلىرى خەلق ئىچىدە ھازىرغا قەدەر ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**54 ـ سوئال: ئابدۇللا سادىقنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇللا سادىق 1896 ـ يىلى غۇلجا شەھرى ئوردا مەھەللىسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. قۇرداشلىرى بىلەن ھەر قايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بەزمە، مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ شائىرلىق تالانتى بىلەن

جامائەتچىلىككە تونۇلغان. 26 يېشىدا چوڭچەككە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېرىپ مۇرات ئەپەندى دېگەن تاتار ئالىمدىن بىر يېرىم يىل تەلىم ئالغان. ئاندىن قەشقەرگە بېرىپ ئابدۇكېرىم دامولىلىدا ئوقۇغان، كېيىن مەكتەپكە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، مۇدەررىسلىك قىلغان. خوتەن، قارىقاش ناھىيىلىرىدە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كۆزى غۇۋا كۆرۈدىغان بولۇپ قېلىپ، 1955 - يىلى ئۆز يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. 1962 - يىلى 3 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**55 - سوئال: ئابدۇللا سادىقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇللا سادىق 17 — 18 يېشىدىن باشلاپ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ چاغلاردا «موللاخۇن» نامى بىلەن بىر شېئىرىي كىتاب يازغان. شائىر ئابدۇللا سادىق ئىجادىيىتى داۋامىدا موللاخۇن، غۇلجەۋى، پىراقى دېگەن ئۈچ ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللانغان. شائىرنىڭ ئۆزى يازغان شېئىرلىرى بىلەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللاپ تۈزۈلگەن «تۆھپەتۇل ئىغۋان نەزمى» (قېرىنداشلارغا سوۋغا) دېگەن قول يازمىسى ساقلانغان. توپلام 1947 - يىلى تۈزۈلگەن. توپلامنىڭ ئاستىغا «مۇرەتتىبى ئابدۇللا بىننى سادىق ھاجىم غۇلجەۋى» دەپ يېزىلغان. ئۇندىن سىرت «ئابدۇلخەمىت ئەپەندىگە نەسھەت»

، «مۇرات ئەپەندىگە مەرسىيە» قاتارلىق شېئىرلىرى بار.

**56 ـ سوئال: ئەھمەدىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب:

ئەھمەدى 1907 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە ئۆز يۇرتىدا، كېيىنرەك قەشقەرگە بېرىپ ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن، شەرق ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان. 1927 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، ئۆز يۇرتى مەكىتكە قايتىپ كېلىپ، قازى بولغان. 1929 ـ يىلى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بەزى مەسىلىلەردە كېلىشەلمەي، قازىلىقنى تاشلاپ يەكەنگە كەتكەن ھەم بۇ يەردىكى مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلغان. 1933 ـ يىلى ئوقۇغۇچىلىرىنى پەننىي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مەكىتكە قايتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپلىقىنى قىلغان. ئۇيۇشمىدا قىزغىن ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە جاللات شېڭ شىسەي ئىلغار پىكىرلىك، مەرپەتپەرۋەر زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئەھمەدى ئۆز ھاياتىغا جىددىي خەۋپ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقتىن، خىزمىتىنى تاشلاپ يەكەن، يېڭىسار، پەيزىئاۋات قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1939 ـ يىلى

مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ مۇددەرسلىك قىلغاچ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە چەت تىللاردىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىدۇ. 1941 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 34 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

**57 - سوئال: ئەھمەدى شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟**

جاۋاب:

ئەھمەدىنىڭ ئىجادىيىتى ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا 3800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس، رۇبائىلارنى يازغان. شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئىككى كىتابىنى ۋە «لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھەتى» ناملىق ئەسەرنى نەزمە شەكلىدە مەسنەۋى ئۇسلۇبىدا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

شائىر ئەھمەدى بىر قىسىم شېئىرلىرىدا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. كىشىلىك ئەدەپ - ئەخلاققا زىت بولغان ناچار ئىللەت نەپسانىيەتچىلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆزىگە يار قىلىشقا، ھالاللىق بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەن. ئۇ يەنە ۋاپاسىز دۇنيانى قاتتىق ئەيىبلەپ زامانغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئىنسانىي مۇھەببەتكە بولغان قاراشلىرى، مۇھەببەتكە ساداقەتلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

مەزمۇن جەھەتتىن تىرەن، تىلى جەھەتتە راۋان، گۈزەل، ئوينىاق، ھېسسىيات جەھەتتە ساپ ۋە ساغلام بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نەمۇنىسىدۇر.

**58 - سوئال: مۇھەممەت روزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

شائىر مۇھەممەت روزى (ئەدەبىي تەخەللۇسى — شەھىدى) 1907 - يىلى لوپ ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ بىلىمنى ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپلەردە ئالغان. 1918 - يىلدىن 1934 - يىلىغىچە يەركەن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئابدىراھمان جامى، ناۋايى، ھۆۋەيدە، خوجا ھاپىز شىرازى، مەشرەپ قاتارلىق شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ ۋە بۇ ئەسەرلەردىن زوقلىنىپ، تۈرك، ئەرەب تىللىرىدا شېئىر يازىدۇ. ئۇ يەنە، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئۆگەنگەن.

مۇھەممەت روزى 1934 - يىلى لوپ ناھىيىسى جىيا يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، يۇرتىنىڭ قوللىشى بىلەن مەدرىس ئېچىپ 1958 - يىلىغىچە شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1978 - يىلى 7 - ئاينىڭ

28 - كۈنى 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

شائىر مۇھەممەت روزى تۇرك، پارس تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن «شەۋقى مەسها زەۋقى مەلها» ناملىق بىر دىۋان، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن «دىۋانى مۇھەسسە» ناملىق يەنە بىر دىۋان تۈزگەن. يېقىندا شائىرنىڭ دىۋانىغا كىرگۈزۈلمىگەن بىر قىسىم شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىرلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى، بەدىئىي تەپەككۇر، ئىپادىلىگەن تىلى جەھەتتىن قارىغاندا، شەھىدنىڭ مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە، ئىقتىدارلىق شائىر ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

**59 - سوئال: ئارۇپ قاسىمىنىڭ هايات پائالىيىتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب:

ئارۇپ قاسىمى ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ 1873 - يىلى غۇلجا ناهىيىسىنىڭ چۇلۇقاي يېزىسىدا دېهقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق چاغلىرىنى دېهقانلار ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن. تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقلار يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان - سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈردى. شۇ جەرياندا ئاجايىپ پاجىئەلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئائىلىسى بىلەن بىللە يەركەنگە كۆچۈپ بېرىپ، مەدرىستە ئاندىن پەننىي مەكتەپتە بىلىم ئالدى، رۇس تىلىنى ئۆگەندى. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ

ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئىگىلىدى. گەرچە ئۇ تەشنالىق بىلەن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، تۇرمۇشىغا ئارقا - ئارقىدىن زەربە بەرگەن قىيىنچىلىقلار، ئۇنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش يولىنى توسۇپ قويىدى. ئاخىرى ئۇ يەنە ئۆز يۇرتى غۇلجا شەھرىگە قايتىپ كەلدى. جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا كىشىلەرنى ئىلىم مەرىپەت ئىگىلەشكە دەۋەت قىلدى. بالىلار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىش، زامانىۋى پەننى ئىگىلەشكە ئىلھاملاندۇردى. شائىر ئاروپ قاسىمى 1936 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

**60 - سوئال: شائىر ئاروپ قاسىمىنىڭ ئىجادىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ ۋە «ئوقۇڭ» دېگەن شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

ئاروپ قاسىمىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 1900 - يىللىرى ئۇ تۇرمۇشقا ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەبىقىلىرىگە نىسبەتەن خېلى مول بىلىم ۋە قاراش ھاسىل قىلىغان مەزگىلدە باشلانغان ئۇ ئۆز ئۆمرىدە خېلى كۆپ شېئىر، مەسەل، داستان يازغان. «ئوقۇڭ» ناملىق شېئىرىدا شائىرنىڭ بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، ئەۋلادلارنى بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەر، گۈزەل غايىلىك كىشى ئىكەنلىكى روشەن ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل يۈكسەك ئىدىيە ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش، جاھالەت،

نادانلىق، قالاقلىق ھالىتىدە تۇرغان كونا جەمئىيەتتە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى.

ئارۇپ قاسىمى «ئوقۇش» ناملىق شېئىرىدا: بىلىمنىڭ شان - شەرىپى، ئۇلۇغلۇقى، خاسىيىتىنى چۈشەندۈردى. بۇنىڭدىن بىز شائىرنىڭ بىلىمنى قەدىرلەيدىغان، ئەۋلادلارنى بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىدىغان مەرىپەتپەرۋەر، گۈزەل غايىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ خىل يۈكسەك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش جاھالەت، نادانلىق، قالاقلىق، مۇتەئەسسىپلىك، خۇراپىيلىق، بىخۇدلۇق، كونا ئىدىيە، كونا كۆز قاراشلار بىلەن تولغان ئاشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە، ھەقىقەتەن تولىمۇ زۆرۈر، تولىمۇ قەدىرلىك ھەم جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات

61 - سوئال: «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب:

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى كەڭ ئىمتىياز بىلەن تەمىنلىگەن فېئوداللار، چىرىكلەشكەن ياۋۇز نىيەت ئەمەلدارلار تەبىقىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ، خەلقنى زار - زار قاخشاتتى. زۇلۇم، زوراۋانلىق ئاقىۋەت 1931 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ھەيۋەتلىك ئىنقىلاب ئۇچقۇندىن يانغىنغا ئايلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە ۋەھىمە تۇغدۇردى. ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. چېن جۇڭ، تاۋمىڭيۈ، لى شياۋتيەن قاتارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ئارقىلىق جىن شۇرېننىڭ قولىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، بۇ ۋەھىملىك ۋەزىيەتتىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1933 - يىلى 12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ جىن شۇرېندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار كۈچلۈك ئارمىيىگە ئىگە بولمىغاچقا، كۈرەش مېۋىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى

بىلەن ئۇرۇش قىلىشقان، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ باش ئاتامانى شىبىڭ شىسەينى دۆبەنلىككە ئولتۇرغۇزدى. شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنى تۇراقلاندۇرۇش، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پاك بولۇش، تىنچ بولۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 62 ـ سوئال: ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى 30 ـ يىللاردىن كېيىن قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؟

**جاۋاب:**

30 ـ يىللاردا شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى. بۇ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نەشرىياتچىلىق قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، مول نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇرۇمچىدە «ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، «قازاق، قىرغىز مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، «شىبە، سولون مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قاتارلىق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئۇيۇشمىلار مەكتەپلەردە سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخى، بەدىئىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۆلارنى توپلاش، رەتلەش، ئىجاد قىلىش

جەھەتلەردە بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. نەتىجىدە ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ساھەسىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئىخچام، ھازىر جاۋاب بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە كىچىك ھەجىمدىكى تىياتىرلار ئىجاد قىلىنىپ، سەھنىلەردە قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى مىللىي تىياتىرچىلىق ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىياتىرچىلىقىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئىجاد قىلىشقا باشلىدى. ياش دراماتورگلار مەيدانغا چىقىپ، تىياتىرچىلار قوشۇنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۆستى. نۇرغۇنلىغان چوڭ تىپتىكى دراما، ئوپېرا، كومېدىيە، پيەسىلەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپ ئوينالدى. سەنئەتتىكى بۇ خىل جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

## 63 - سوئال: 1930 - يىللاردا قانداق تىياتىرلار ئوينالدى؟

جاۋاب:

جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىدىغان «ساتىراش»، بەگ، ئامباللارنى ھەجۋىي قىلىدىغان «چىبكىملىكنىڭ ئاقىۋىتى»، ئىللەتلىرىمىزنى ئېچىپ تاشلايدىغان «شەرمەندىلەر»، ساۋاتسىزلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «يامان خەلپەت» قاتارلىقلار؛ چوڭ تىپتىكى تىياتىرلاردىن «غېرىب -

سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «پەرھاد - شىرىن»، «ئانارگۈل»، «رابىيە - سەئىدىن»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ»، «قانلىق داغ»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «ئۆگەي ئانا» قاتارلىقلار، چەت ئەل تىياتىرلىرىدىن «ئارشىن مال ئالان»، «باي ۋە مالاي»، «ئىككى بايغا بىر مالاي» قاتارلىقلار؛ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىجاد قىلىنىپ ئوينالغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش تېمىسىدا يېزىلغان «قامچاڭنى تاشلا»، «سىگنال»، «كۈرەش قىلايلى» قاتارلىق تىياتىرلار شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى.

**64 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سەنئەت كۆز قارىشى قانداق ئىدى؟**

**جاۋاب:**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ سەنئەتنى ئالغا باسار مىللەتنىڭ، پەن، مەدەنىيەت سۆيگۈچى دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە تېگىشلىك بىر ئىش دەپ قارىغان. سەنئەتكە مۇھەببەت باغلىغاندىلا ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. شۇڭلاشقا ئاممىۋى خاراكتېرلىك تىياتىر ھەرىكىتى يېتىپ كېلىشى بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىياتىرلارنى يازدى، سەھنىلەشتۈردى. ئۆزى رول ئېلىپ ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەڭ تىياتىر ھەۋەسكارلىرىغا

بۇ يېڭى سەنئەت تۈرىنىڭ تارىخى، قانۇنىيىتىنى نەزەرىيەۋى جەھەتتىن چۈشەندۈردى. ئۇ «بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىپادىلىشى، خەلققە يات ئەمەس، خەلقنىڭ ئۆز سەنئىتىگە ئايلىنىپ، خەلق ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى سەنئەت بىلەن بىر قەدەم ئالغا باسقان ھالدا يۈكسىلىپ، چىرمىشىپ كېتىشى زۆرۈر»، «بىزنىڭ سەنئىتىمىز خەلقىمىزنى كۈرەش روھى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر، جەسۇر قىلىپ تەربىيىلىشى لازىم» دەيدۇ.

**65 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەر قوشتى؟**

**جاۋاب:**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ»، «كۈرەش قىزى»، «چىن مودەن»، «چىمەنگۈل»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى؛ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان «تاھىر - زۆھرە»، «پەرھاد - شىرىن» قاتارلىق داستانلارنى دراما قىلىپ يېزىپ، سەھنىلەشتۈردى؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقنى زۇلۇمغا، تاجاۋۇزچىلىققا، ئادالەتسىزلىككە، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى قوزغىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ درامىلىرىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ

كۆرۈنۈشىنى روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازلاشتۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئەتراپلىق، تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ ئەنە شۇنداق يۈكسەك تۆھپىسى، جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ئۇيغۇر هازىرقى تىياتىرچىلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

**66 - سوئال: «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» قانداق ئەسەر؟**

**جاۋاب:**

كۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈسكە، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، رېئال تەربىيىۋى ئەهمىيەتكە ئىگە كومېدىيە. ئەسەردىكى كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەر، قىزىقارلىق ھەم كۈلكىلىك بولۇپ كىشىلەرنى قاتتىق هاياجانغا سالىدۇ.

**67 - سوئال: «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» كومېدىيىسىدە قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟**

**جاۋاب:**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ كومېدىيىنى 1942 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە يازغان بولۇپ، ئەسەردە يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، سامساق

ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق نادان خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلقنى يېڭى ئىدىيىگە ئىگە قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. يەنى كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

68 ـ سوئال: زۇنۇن قادىرىنىڭ تىياتىرچىلىق ساھەسىدىكى پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى، تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگ.

زۇنۇن قادىرى ئىجادىيەتنى دراما يېزىشتىن باشلىغان ئۇ 1937 ـ يىلى كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىپ، ئەمگەكچى خەلققە ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق ئۈچ پەردىلىك دراممىسى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. كېيىن «غۇنچەم»، «ئۈچراشقاندا»، «خۇش خەۋەر»، «پارتىزان يولى» قاتارلىق دراممىلارنى يازدى. 1943 ـ يىلى «غېرىب ـ سەنەم» دراممىسى غۇلجا سەھنىلىرىدە ئوينالغاندا، زۇنۇن قادىرى ئۇنىڭ «شىكار ئۈستىدە»، «مەكتەپ» قاتارلىق ئىككى پەردە ھەم بىر نەچچە كۆرۈنۈشلىرىنى قوشۇپ، دراممىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ «گۈلنىسا»، «توي» قاتارلىق دراممىلىرى ئاممىا بىلەن يۈز

كۆرۈشۈپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. زۇنۇن قادىرى يەنە «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ، «خىيالىي تېۋىپ» ، «شاڭخەي كېچىسى» ، «ئۆيلىنىش» قاتارلىق درامىلاردا رول ئېلىپ، نىياتىر تارىخىمىزدا ئۆچمەس ئىزلار قالدۇردى.

## 69 - سوئال: «غۇنچەم» دراممىسىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟

**جاۋاب:**

دراما ئاق كۆڭۈل قىز غۇنچەم بىلەن ۋىجدانلىق يىگىت نۇرۇمنىڭ بىر - بىرىگە بولغان سەممىمىي سۆيگۈ - مۇھەببىتى ھەم ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئاچ كۆز، رەزىل ئۆمەر شاڭيۇ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، غۇنچەمنىڭ ئاخىرى چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆز ساداقىتى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق، زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى، فېئوداللىق ئادالەتسىزلىكنى پاش قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىنى، قەتئىي ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئاپتور مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى سىنىپىي كۈرەش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، سىنىپنىڭ تەقدىرى ھەل بولغاندىلا ئاندىن مۇھەببەتنىڭ تەقدىرى ھەل بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسەر فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۇزۇل -

كىسىل قارشى تۇرۇش روھى بىلەن سۇغىرىلغان.

70 - سوئال: «غۇنچەم» دراممىسىدىكى غۇنچەم قانداق ئوبراز؟

جاۋاب:

غۇنچەم ئەسىردە تەسۋىرلەنگەن خۇش پىئىل، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر دېھقان قىز بولۇپ، ئۆز سۆيگۈ - مۇھەببىتى ئۈچۈن ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتسىمۇ قىلچە باش ئەگمەي كونا جەمئىيەتتىكى فېئوداللار كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۆمەر شاڭيۇ بىلەن قارشىلىشىدۇ. غۇنچەم ئۆزى سۆيگەن يىگىتى نۇرۇم ۋە باشقا سىنىپىي قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن زالىم باينىڭ ماكانى، لايغەزەل، بىكار تەلەپ ئوغلى سېيىتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئېغىر ئازاب، ھەسرەت ئىچىدە جان ئۈزىدۇ. غۇنچەم ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن كېلىپ چىققان ئاق كۆڭۈل، قەيسەر، مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغان ھەم ئېغىر ئازاب چەككەن، مۇھەببەتكە سادىق دېھقان قىزلىرىنىڭ تىپى.

71 - سوئال: «غۇنچەم» دراممىسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب:

«غۇنچەم» دراممىسىدا، كونكرېت سۇژېت ۋە پېرسوناژلار ھەرىكىتى، دىئالوگلارنى پېرسوناژلارنىڭ

ئىندىۋىدۇئاللىق خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئىنسانىي ماھىيىتىگە ماس ھالدا يېزىپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى، پوزىتسىيىسى، غەزەپ - نەپرىتى ۋە سۆيۈنتى ئىچىگە تراگېدىيىلىك ھەم كومېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىڭدۈرگەن. بۇ خىل ھالەت كۆپىنچە غۇنچەم ۋە سېيىتتىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئوبرازغا مەركەزلەشكەن. درامىنىڭ تېمىسى، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشى رەڭدار، قىزىقارلىق، تەسىرلىك سىزىلغان. دراما زىچ، جىددىي ۋە ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تۇرمۇش ھادىسىلىرى مەركەزلىك ھالدا تېپىكلەشتۈرۈلگەن. درامىدا تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر ۋەقەدىن ۋە پېرسوناژدىن مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

**72 - سوئال: قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى قاسىمجان قەمبىرى (ئىناق) جامائەت ئەربابى، دراماتورگ، شائىر، مۇزىكانت، داڭدار ئارتىس.

قاسىمجان قەمبىرى 1910 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن. كېيىن ئاتىسى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغان.

دەسلەپتە ياركەنتتە، كېيىن تاشكەنتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغان. 1932 - يىلى قايتىپ كېلىپ شىنجاڭدا داغدۇغىلىق كېتىۋاتقان جاھالەتچىلىككە قارشى ئاممىۋى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردا سانائىنەفىسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ئۇ ئىلىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئىلى سەنئىتىدە زور يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 1937 - يىلى قاسىمجان قەمبىرى قولغا ئېلىندى. 1943 - يىلى تۈرمىدىن بوشىتىلغاندىن كېيىن، ئۆرۈمچىدە نازارەت ئاستىدا ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1944 - يىلى 7 - ئايدا غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. قورغاس، چېلپەنزە، سۈيدۈڭ قاتارلىق جايلاردا قوراللىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ ئىنقىلاب قىلدى. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان ئارمىيىسىنى باشلاپ ئاقسۇغا باردى. 1946 - يىلى پولكوۋنىك قاسىمجان قەمبىرى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بولدى. 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە تۈرمىدا ئازاب چەكتى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن يەركەنگە ۋالىي بولدى. 1956 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 46 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى.

**73 - سوئال: قاسىمجان قەمبىرى تىياتىرنىڭ**

## تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشقان؟

جاۋاب:

قاسىمجان قەمبىرى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق سەنئىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىر، ناخشا تېكىستلىرى يېزىپ، ئۇنى ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ، ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى ئەشۇق قىلدى. ئۇ «زەينەپكە تۆھمەت»، «شانلىق غەلىبە» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى. «غېرىب - سەنەم» داستانىنى 12 مۇقامدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ سەھنىلەشتۈردى ۋە ئۆزى رول ئېلىپ چىقىپ ئوينىدى. ئۇ ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتى تارىخىدا دادىللىق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بۇ يولدا ئۆزىگە كەلگەن ھەر قانداق تۆھمەت، بوھتان، زىيانكەشلىكلەردىن قورقمىدى، تېخىمۇ يۈكسەك قىزغىنلىق بىلەن ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتى قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى، كلاسسىك سەنئەت بايلىقىمىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، بولۇپمۇ «12 مۇقام»نى قۇتقۇزۇپ قېلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۇيغۇر سەنئىتى تارىخىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئومۇمەن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ھاياتى سەنئەتكە بېغىشلانغان ھايات، تۆھپىسى

غايەت زور.

74 - سوئال: قاسىمجان قەمبىرىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەڭ.

جاۋاب:

قاسىمجان قەمبىرى شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ روشەن تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1930 - يىللاردىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شېئىرىي پىكىر چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرگەن. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە كۆرەشچانلىق، ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. ئۇ «رەپىقەمگە» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ «جورا - دىلدار» نىڭ ۋەسلىگە يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ۋاستىلەر بىلەن خەلق ئازادلىق كۆرىشىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ئازادلىق نۇرى چېچىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئازادلىق، ھۆرلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قايناق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، «پۇرسەت ساقا»، «ياشلىق چاغلىرىم»، «ۋەتەن ئىشقىدا»، «يېتىمشەم»، «ھەمشىرە»، «ئۇنتۇماسمەن» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھ جارى قىلدۇرۇلۇپ،

شائىر ۋەتەننى، خەلقنى، ئىنقىلابنى، ئىنقىلابچىلارنى، نۇرلۇق كېلەچەكنى ئۇلۇغلايدۇ. خەلق دۈشمەنلىرىگە چەكسىز غەزەپ - نەپرەت ياغدۇرىدۇ.
قاسىمجان قەمبىرى شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنى يەڭگىل، تىلى ئاممىباپ، يېقىملىق، خەلق قوشاقلىرىغا يېقىن تۇرىدۇ. بۇ هال ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋە تېكىستلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىگە كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. بۇ شېئىر ۋە ناخشىلار هازىرغىچە خەلق ئېغىزىدىن، سەهنىدىن چۈشمەي، خەلق ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشى ۋە سۆيۈنۈپ ئاڭلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

**75 - سوئال: ئابدۇللا روزىنىڭ تەرجىمىهالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب:
ئابدۇللا روزى ئۇيغۇر هازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۆرەش قىلغان جەڭگىۋار ئەدىب.
ئابدۇللا روزى 1920 - يىلى ئاتۇش ناهىيىسىنىڭ مەشهەت يېزىسىدا ئوششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدىلا ئائىلىسى بىلەن ئۈچ تۇرپان ناهىيىسىگە كۆچۈپ چىققان. 1937 - يىلى ئۈچتۇرپان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولغان، 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1944 - يىلى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ماناسقا

تەقسىم قىلىنغان. بۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلەپ خىزمىتى ئاقسۇغا يۆتكەلگەن. ئۇ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى ۋە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدا تەپتىش بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئاقسۇدا زور ئىنقىلاب دولقۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىۋاتقان ئىنقىلابچىلارغا يېقىندىن ماسلىشىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن گومىنداڭ جاللاتلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ تۈرمىگە سولايدۇ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئىنقىلابىي سەبداشلىرى بىلەن بىرگە قەتلى قىلىندۇ.

76 ـ سوئال: ئابدۇللا روزىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

ئابدۇللا روزى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ھەر تەرەپتىن ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىقتىدارلىق ياشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەرلىك سانائىنەفىسەنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1943 ـ 1944 ـ يىللىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىلەن ئۇچتۇرپاندا سانائىنەفىسەنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق ئوپېرالارنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۇ-شى ۋە ئويناپ چىقىلىشىغا يېقىندىن ياردەملەشتى. ئابدۇللا روزى ماھارەتلىك قەلەم ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئۆزى ياشىغان دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۆپلىگەن

شېئىرلارنى يازدى. مەكتەپلەرنى دەرسلىك قەھەتچىلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى تۈزدى. «ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى مىللىي ئەدەبىيات» دېگەن ماقالىنى يازغان. ئۇ يەنە «ئۆگەي ئانا» ناملىق درامىنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشتى.

**77 - سوئال: ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» ناملىق درامىسىدا نېمە تەسۋىرلەنگەن؟**

**جاۋاب:**

«ئۆگەي ئانا» ناملىق دراما 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى يېزىلىپ، دەسلەپتە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن سەھنىدە قويۇلدى. كېيىنرەك ھەر قايسى ناھىيە، ۋىلايەتلەردىكى سانائىنەفىسەلەر تەرىپىدىن ئوينالدى.

ئاپتور درامىدا ئۆگەي ئانا بىلەن يېتىم بالىلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئازاب تارتىۋاتقان مىليونلىغان ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشنى يورۇتۇپ بېرىپ، خەلقنىڭ مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئۈمىدۋارلىق

نۇقتىسىنەزىرى ئارقىلىق ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراپ، تۇندىن تاڭنى ، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇقنى، زۇلمەتتىن ئەركىنلىكنى كۆرىدۇ.

**78 ـ سوئال: «ئۆگەي ئانا» — توقاچخان قانداق ئوبراز؟ ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟**

**جاۋاب:**

توقاچخان يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىگە قارشى، تىلى تۇزۇك، دىلى بۇزۇق زالىم ئاياللارنىڭ تىپى. ئۇ يېتىم باللارنى ئۆگەيلەپ ئازاب ئىچىگە ئىتتىرىدۇ، قىمارۋاز، لۇكچەك، باي ـ بايۋەچچىلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئۆز ئېرى رېھىمگە سەمىمىيەتسىزلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باللارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەھەللە بىزار بولىدۇ. ئاپتور مۇشۇنداق رەھىمسىز، بىشەم، ھازازۇل ئايال ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىك، ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇقلارنى قىلىشقا قادىر بولغان سىنىپىي ماھىيىتىنى شەپقەتسىز تۈردە ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاق كۆڭۈل، نامرات، ئاجىز، سەبىيلەرگە ھەمنەپەسلىك ۋە چەكسىز كۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

79 ـ سوئال: يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا يەنە قانداق تىياتىر ۋە تىياتىرچىلار مەيدانغا كەلدى؟

جاۋاب:

يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ياش دراماتورگلار مەيدانغا چىقىپ، ئۇلارمۇ دراما ئىجادىيىتى ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىياتىر ھەرىكىتىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەنە شۇ ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرسى بولغان ئەھمەد زىيائى بۇ دەۋردە «قارا كۆزلەر، نۇرلۇق ھايات»، «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق داستانىنىڭ تۈپ ئىدىيىسىگە ئاساسەن، ئەسەردىكى ئاساسىي قەھرىمانلار ۋە ئاساسىي سۇژىت لىنىيىسىگە سادىق بولۇپ، ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ناملىق ئوپېرانى يېزىپ چىقتى.

80 ـ سوئال: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى قانداق بولغان؟

جاۋاب:

1931 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىردە ياپون جاھانگىرلىكى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان مەزگىللەردە جياڭ جېشى تەسلىمچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولۇپ قالدى. مىللىي بىرلىك سەپىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن 1937 - يىلى ئۈرۈمچىدە «8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى» قۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش شوئارىنى قوللاپ، قوۋۇەتلەپ ئالدىنقى سەپكە يېقىندىن ياردەم بەردى.

شىنجاڭدا ئىنقىلابىي مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان مەشھۇر ئادەملەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. دېموكراتىك زات دۇجۇڭيۈەن شىنجاڭغا كېلىپ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. 1939 - يىلى مەشھۇر يازغۇچى ماۋدۇن، سىياسىي ئىقتىساد ئالىمى جاڭ جۇڭشى، ئوقۇمۇشلۇق زات ساۋكۇڭلياۋ، رەسسام ليۇشاۋخې، سەنئەتكار جاۋدەن قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كەلدى. ئۇلار شىنجاڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە تىياتىر قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ تىياتىرلار مەكتەپلەردىلا ئەمەس، كوچىلاردىمۇ ئوينالدى. شۇنىڭدەك كەڭ كۆلەملىك شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، ناخشا ئېيتىش نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تېمىسىدىكى شېئىر، ناخشىلار پۈتكۈل شىنجاڭدا ياڭراپ ھەر مىللەت خەلقىگە ئىلھام بەردى ۋە ئۇلارنىڭ

ئىنقىلابىي شېئىرلارغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. شائىرلار ئۇتلۇق قەلىمىنى ئۇلۇغ كۈرەشكە تەقدىم قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن نۇرغۇنلىغان ياش شائىرلار كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى ۋە خەلقنى كۈرەشكە ئۈندەيدىغان جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازدى. بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ تەشۋىق قىلىنغان شېئىرىيەت ھەرىكىتى جەريانىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جەڭگىۋارلىقى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجلىق بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە نامايان بولدى.

81 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ھەيۋەتلىك تەڭرى تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ھېزىماخۇن ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەر مۇتەللىپنى كىچىك ۋاقتىدا «لۇتۇن» دەپ ئاتايتتى. شۇڭا ئۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يازغان شېئىرلىرىنى «لۇتۇن» دېگەن نام بىلەن يازغان. كېيىنرەك «سەنئەت خۇمارى»، «قاينام ئۇركىشى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قوللاندى. ئۇ ئائىلىسىدە ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن 1932 - يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ تاتار باشلانغۇچ

مەكتەپىگە ئوقۇشقا كىردى. كېيىن رۇس ئوتتۇرا مەكتەپىگە ئوقۇشقا كىرىپ 1938 - يىلىغىچە رۇس تىلى ۋە رۇس ئەدەبىياتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. 1937 - يىلى ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. 1939 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەزگىل ئۇنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي جەھەتتىكى تونۇشى ئۆسكەن، ھەر تەرەپلىمە بىلىمى چوڭقۇرلاشقان، ئىجادىيەتتە تېز ئۆرلەۋاتقان بىر مەزگىللى بولدى. 1941 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ گېزىتىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە بەلگىلەندى. 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى سۈرگۈن قاتارىدا ئاقسۇغا ئەۋەتتى. شائىر ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن «ئاقسۇ گېزىتى»دە تەھرىر بولدى. نىمشېھىت، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ياشلار بىلەن ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال ھەرىكەت ئېلىپ باردى. 1945 - يىلى بىلال ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، خەلقنى قوراللىق ئىنقىلابقا تەشكىللەۋاتقان چېغىدا قولغا ئېلىنىپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. تالانتلىق شائىر، دراماتورگ، جەسۇر ئىنقىلابچى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن ئىدى.

82 ـ سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قانداق ئەسەرلىرى بار؟

جاۋاب:

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى، كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتى، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە باشلانغان. ئۇنىڭ «جۇڭگو»، «كۈرەش ئىلھامى»، «كۈرەشچۈاتىمىز»، «كۈرەش قىزى» قاتارلىق شېئىرلىرى ھەم «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق داستانى ئەنە شۇ تېمىغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «جۇڭگو پارتىزانلىرى»، «چوڭ كۈرەش قوينىدا»، «مۇخەممەس»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» قاتارلىق جەڭگىۋار شېئىرلىرى، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ»، «ئەجەل ھودۇقىشىدا» قاتارلىق فېلىيەتونلىرى بار.

83 ـ سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب:

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتىدىكى سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن مەزمۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. بۇ مەزمۇننى شائىر ھەر خىل ئۇسۇل، ھەر خىل تېمىلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئالدى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بېغىشلانغان شېئىر، داستانلىرىدا ئىپادىلەندى. بۇ ئەسەرلەردىكى لىرىك پىكىر ۋە لىرىك پېرسوناژلارنى يەنە ئەن روھى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ تەسۋىرلىدى. بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ يەنە غايىۋى ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان. شائىر ۋەتەننىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇز تەقدىرى بىلەن ۋەتەن تەقدىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ بىلىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىدۇ. شۇڭلاشقا شائىر ۋەتەننىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن قايغۇرىدۇ، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى جاھانگىرلار، ئەكسىيەتچىلەر، فېئوداللارغا لەنەت ئوقۇيدۇ. شائىر ئەينى ۋاقىتتىكى زىندىيەتنى، ۋەزىيەتنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، خەلق مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن چىقىپ، جەمئىيەتنى توغرا كۆزىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئۇرۇش شائىرغا زور ئىلھام بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلارغا ئالقىش ياڭرىتىدۇ. ئۆزىنى ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلاردىن ئازاد قىلىش يولىدىكى ھايات -

ماماتلىق كۆرەشكە ئاتايدۇ.

شۇ مەزگىللەردە ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى خەلقنىڭ ئىستىقبالىغا بولگۇنچىلىك سىلىش ئۈچۈن قەستەن ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرۇش بىلەن شۇغۇللاندى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بولسا، مىللىي ئايرىمچىلىق قاشالىرىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەت مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولماستىن، بەلكى ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۈشمىنى ياپون جاھانگىرلىكى، فېئودال، مىلىتارىستلار بىلەن بولغان زىددىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. دېمەك ئۇ بۇلۇنۇش كۈچەيگەن ئاشۇ دەۋردە جەمئىيەتتىكى زىددىيەتنى توغرا تونۇدى ۋە توغرا كۆرسىتىپ بەردى.

**84 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ «جۇڭگو» دېگەن شېئىرىدا كىشىلىكنىڭ ماددىي - مەنىۋى ئاساسى بولغان ئانا ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بايان قىلىش، ئىجابىي، سەلبىي جەھەتلەردىكى پاكىتلارنى ئەسلەش ئارقىلىق ئانا ۋەتەننىڭ چەكسىز گۈزەل ئىستىقبالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، ئازادلىقنىڭ خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات، تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق

كەيپىيات بىلەن ئىپادىلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان پاك مۇھەببىتىنى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك مەردانە ئىرادىسىنى نامايان قىلغان.

**85 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

بۇ شېئىردا شائىر گەرچە يىللارغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شائىر ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ئىنقىلابىي ئىرادىسى بىلەن خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە مەرپەتنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ھەمدە خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

«يىللارغا جاۋاب» تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بېرىلگەن جاۋاب. بۇ شېئىرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئەينى زاماندا ئىنتايىن زور ۋەقە بولغان ئىدى. تۈگمەس زۇلۇم - كۈلپەتلەر باسقان، ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار پىكىرلەر قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان قاراڭغۇ كۈنلەردە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەيسەرلىك بىلەن مەيدانغا چىقىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسى بىر نىيەتتە كۈرەش

قىلسىلا بۇ ھاكىم مۇتەللىپنىڭ چوڭقۇر يوقىلىدىغانلىقى.
ئازاد، بەختىيار كۈنلەرگە ئېرىشىش تامامەن مۇمكىنلىكىنى
جاكارلىدى.

بۇ شېئىر ھەرگىزمۇ «يىللار» نىڭ يەنى ۋاقىتنىڭ تېز
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئاددىي
شېئىر بولماستىن، بەلكى شېئىردا شائىر يىللار قوينىدا
ئۆتكەن ھاياتنىڭ مەنىلىك بولۇشىنى، ھاياتقا، تۇرمۇشقا،
ۋاقىتقا ئاڭلىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، گۈزەل شارائىت ئىچىدە
نەۋباھار چېغىنى مەنىسىز ئۆتكۈزمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ.
كىشىلەرگە يىللار قوينىدا بىخۇد ياشىماسلىقنى، كۈرەش
بىلەن ياشاش ھاياتنىڭ مەنبەسى، كىشىلەرنىڭ ئالىي
پەزىلىتى ئىكەنلىكىنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش پەقەت كۈرەش
ئارقىلىق بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت
ئۇلۇغۋار پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

**86 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ھەم نەپرەت» ناملىق داستانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى نېمە؟**

**جاۋاب:**

شائىر بۇ داستاندا ياش پارتىزان جاڭنىڭ ئەگرى -
توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ
شەخسىي مۇھەببەتنى قوغلىشىدىغان چاكىنا ئادەمدىن ۋەتەن
مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، پىداكار ئىنقىلابىي
قۇربانغا ئايلانغانلىق جەريانىدىكى كونكرېت زىددىيەت

توقۇنۇشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇش ئارقىلىق، ۋەتەن مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن، پەم - پاراسەت، ۋىجدان ۋە قەھرىمانلىقنىڭ بىردىنبىر بولىقى دېگەن دانا ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

گەرچە داستاننىڭ ھەجمى كىچىك بولسىمۇ، شۇ كىچىك ھەجىم ئىچىگە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان ئۇلۇغۋار تېمىنى ئۈستىلىق بىلەن سىغدۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

## 87 ـ سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب:

لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى ئاچتى. ئۇ بارماق ۋەزنى بىلەن چاچما (ئەركىن) شېئىردىن ئىبارەت شېئىرىي شەكىلنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بايلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاممىباب تىلدا يېزىشنى قوغلاشتى. چۈشىنىش قىيىن بولغان جۈملە، مىسرالار، چىگىش ۋە مۇرەككەپلەشكەن جۈملىلەر، ئەرەب، پارسچە تېرمىنلەر، ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك، ئەمما مەزمۇنى قۇرۇق تېرمىن، ئىبارىلەردىن خالىي بولدى. ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى، شەكلى بىلەن مەزمۇنى ماسلاشقان، كۈچلۈك ھېسسىيات ئىچىدە يېڭى پىكىرلەر ئىپادىلەنگەن شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلاردا ئاپتورنىڭ لىرىك

تەپەككۇرى، رەڭدار تەسەۋۋۇرى يارقىن ۋە روشەن گەۋدىلەنگەن، ئىدىيىۋى جەھەتتىن بۇ خىل مۇكەممەللىكنى ھاسىل قىلىشى ۋە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشنى شائىرنىڭ ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالىشى بەلگىلىگەن.

**88 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئەجەل ھودۇقىشىدا» ناملىق فېلىيەتوننى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

1942 - يىلى يېزىلغان «ئەجەل ھودۇقىشىدا» ناملىق فېلىيەتوندا ئاپتور مۇسسولىنى بىلەن گېتلېرنىڭ سۆھبىتى، ئىتالىيە گېنېرالىنىڭ سۆھبىتى، مۇسسولىنىنىڭ چۈشىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، فاشىزمنىڭ مۇقەررەر ھالاك بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شەرمەندە تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىدۇ. بۇ فېلىيەتوننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتور رېئال تارىخىي شەخسلەرنى يېزىپ، سىياسىي نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئورنىغا بەدىئىي شەكىلنى قوللىنىپ، فاشىستلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك ئاپتور يەنە دراما تىك شەكىل ھاسىل

قىلىپ كېتىلىرىنىڭ، مۇسسۇلىنىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى - بەشرىسىنى مەسخىرە قىلغان. تىلى ئوبرازلىق، كۆلكىلىك كۆرۈنۈش، مەسخىرىلىك قىياپەتلەر، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلەيدىغان دېتاللار ئۇستىلىق بىلەن تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ خىل بەدىئىي ماھارەت ئەسەر ئىدىيىسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگەن.

**89 - سوئال: «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فىلىمەتوننى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭلار.**

**جاۋاب:**

بۇ فىلىمەتون سۆھبەتلىشش ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولۇپ، 15 ياشلىق بالا ئەسكەرنىڭ سوئالى بىلەن 70 ياشلىق بوۋاينىڭ جاۋابى ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ۋاستە قىلىنغان.

ئەسەردە ئادالەتسىز ئۇرۇش، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقى، پادىشاھ سامۇرايلىرىنىڭ ئېغىر ھالسىرايدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ فىلىمەتوندا يەنە ياپونىيە بايرىقىدىكى قىزىل كۈن بەلگىسى مۇلاھىزىگە قويۇلۇپ، بۇ مەسىلىدىن جاھانگىرلارنىڭ دۇنياغا بالايىئاپەت چاچىدىغان، قان چاچىدىغان ۋەھشى، ياۋۇز تەبىئىتىنى پاش قىلىدۇ. مانا بۇ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان ئەل خەلقلىرى ئۈچۈن بىر مەدەت بولىدۇ.

تىلى ئىخچام بولۇش قىلىيەتون بەدىئىيلىكىنى تەشكىللىگەن مۇھىم ئامىل. ئاپتور ئەسەرگە ئېلىنغان بارلىق دېتاللارنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ باش - ئاخىرىنى ئۇلاپ ئۇنىڭغا بىر خىل ھەجۋىي خۇسۇسىيەتنى سىڭدۈرۈپ، تەبىئىي بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان كۈلكىلىك ئەسەر يارىتىدۇ.

**90 - سوئال: لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ؟**

**جاۋاب:**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ جەڭگىۋار ئىنقىلابچى بولۇش بىلەن بىرگە، ئىجادىيەت سېپىدە شائىر، دراماتورگ، يازغۇچى، رەسسام ۋە تالانتلىق ئارتىس ئىدى. ئۇ قىسقا ھاياتىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىجادىيەت يولىنى ئاچتى. ئۇ غايىۋى جەھەتتىن ئەينى يىللاردىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇردى. شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بەلگىلىك ئورۇن ۋە ئابرۇيغا ئىگە قىلىشتا، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، ئىنقىلابىيلىقىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى كۈچلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشتە ئۈلگە بولدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان، پىداكارلىق روھى خەلق قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ئەدەبىياتىمىزغا ئۇلۇغ تۆھپىسى بىلەن 30 - 40 - يىللار

ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالدى.

**91 - سوئال: مەمتىلى ئەپەندىنىڭ هايات پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

مەرپەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر مۇهەممەت ئىلى توختاجى (ئەدەبىي تەخەللۇسى تەۋفىق) 1901 - يىلى ئاتۇش ناهىيىسىنىڭ بويامەت يېزىسىدا مىللىي تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1914 - يىلى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. يېڭى زامان مەكتىپىدە ئوقۇش ئۇنىڭ يېڭىچە دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىنىڭ تىكلىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، شېئىر ئوقۇش، ساز چېلىش، ناخشا ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. 1920 - يىلى تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن دادىسىغا ئەگىشىپ چۆچەك، بۆرتالا، غۇلجا قاتارلىق جايلارغا بارغان. 1924 - يىلى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قەشقەردە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، غەزەپكە كېلىپ «ئوقۇدى - ئاشتى» دېگەن مەرسىيىسىنى يېزىپ، ئەكسىيەتچى هۆكۈمەتنىڭ زۇلمىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شۇندىن كېيىن ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدۇ. 1933 - يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئاقارتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1933 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە بولغان

ئۈچ يىل ئىچىدە ناھىيە خەلقىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ساۋاتلىق قىلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى بىر تەرەپتىن خەلقنى داغدۇغىلىق مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا باشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋەرسە بەخت قۇشىنىڭ ئۆزى ئۇچۇپ كېلىپ، يۇرتىنىڭ بېشىغا قونمايدىغانلىقىنى، شۇم پەلەكنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەشۋىق قىلىدۇ. شۇنداق ئىلغار تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن شېڭ شىسەي جاللاتلىرى ئۇنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ ۋە 1936 - يىلى 7 - ئايدا ئۆلتۈرىدۇ. شائىر بۇ ۋاقىتتا 36 ياش ئىدى.

**92 - سوئال: مەمتىلى ئەپەندى قانداق شېئىرلارنى يازغان، بۇ شېئىرلاردا قانداق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟**

**جاۋاب:**

مەمتىلى ئەپەندى ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان. ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرى: «ۋەتەن ھەققىدە»، «ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن»، «ئالتۇن ئۆلكە»، «قۇتۇلۇش يولىدا»، «بىز ۋەتەن ياشلىرى»، «بىز مۇئەللىم!» قاتارلىقلار.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ ھاياتى، غايىسىنىڭ ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي

تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن، ۋەتەننى، خەلقنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ۋە ئەينى يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بەخت - سائادەتكە ئىلىم - پەننى ئىگىلەش يولى بىلەن يەتكىلى بولىدىغانلىقى، شۇ ئىلاشقا فېئودالىزم جاھالىتىنى پاش قىلىپ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن ئىبارەت ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**93 - سوئال: ئايۇپ مەنسۇرىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب:

ئايۇپ مەنسۇرى ھاسانوۋ 1902 - يىلى ياركەنت شەھرىدە كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان، 1918 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرى ئۆز يۇرتى ياركەنتتە ۋە قورغاس مازار تەۋەسىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىش بىلەن ئۆتتى. 1930 - يىلى غۇلجا شەھرىگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. بۇ جەرياندا ئۆز ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىپلا قالماي ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە رەسىم سىزىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

ئايۇپ مەنسۇرى 1935 - يىلى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئۈرۈمچىدىكى ئەدەبىيات

ھەۋەسكارلىرىنى تەشكىللەپ ماقالە يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۈستۈرۈشكە كۈچ چىقىرىدۇ. 1936 - يىلى ئايۇپ مەنسۇرى تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارىدۇ. ساگو (ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېت) تا مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1938 - 1939 - يىللىرى يەنە گېزىتتە ئىشلەيدۇ، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا تىل - ئەدەبىياتتىن لېكسىيە سۆزلەيدۇ ۋە شىنجاڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرى ئۇ ئىجادىيەتتە يۈكسىلىپ كۆپلىگەن شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ يىللاردا سىياسىي ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، شېڭ شىسەي ئىشپىيونلىرى شۇملۇق جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىلغار ئىدىيىلىك ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى، ئۇلار بارغانسېرى غالجىرلىشىپ ئايۇپ مەنسۇرنىمۇ قولغا ئېلىپ، تۈرمىدە قىيىن - قىستاققا ئالدى. ئۇ قىلچىمۇ تىز پۈكمەي، دۈشمەنگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ 1943 - يىلى مەردانىلارچە قۇربان بولدى. ئۇنىڭ 30 - يىللاردىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئەسەرلىرى يادىكار بولۇپ قالدى.

94 - سوئال: ئايۇپ مەنسۇرى قانداق ئەسەرلەر- نى يازغان؟

جاۋاب:

ئايۇپ مەنسۇرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى تېما، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ئاممىباب ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

ئايۇپ مەنسۇرى ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا قارلىغاچلىق رول ئويناپ، 30 - يىللاردا ئۈرۈمچىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا شېئىر ۋە هېكايىلارنى ئېلان قىلغان. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1936 - يىللىق سەھىپىسىدە «سېغىنىدىم» ، «جاهانگىرغا» قاتارلىق شېئىرلارنى ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە «بارات جەلىگۇر» دېگەن هېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، يېڭى هېكايىچىلىققا ئاساس سالغان. رېئالىستىك هېكايىسى «بارات جەلىگۇر» هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ قىياپىتىنى ئوبرازلىق هالدا سۈرەتلەپ بەرگەن. ئايۇپ مەنسۇرىنىڭ «كۆچ - كۆچ هەققىدە» دېگەن تارىخىي تېمىدىكى ماقالىسى ۋە «ئايخان نەزمىسى» ، «سېغىنىدىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەينى دەۋر كىتابخانلىرىغا زوق ۋە هۇزۇر بېغىشلاپ، قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن.

**95 - سوئال: نىياز باقىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ؟**

**جاۋاب:**

نىياز باقى 1896 - يىلى غۇلجا ناهىيىسىنىڭ هېدىلىيۇزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئوقۇتقۇچى

بولغان. مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن جامائەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ قاتتىق جەۋرى تارتقان. ئۆز ۋۇندىن بۇيان ئەجىر سىڭدۇرۇپ يازغان شېئىرلىرىدىن، توپلىغان تارىخىي ماتېرىياللىرى، كىتابلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. روھىي ئازاب ئۇنى كېسەلگە گىرىپتار قىلغان ۋە 1972 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

نىياز باقىنىڭ ئىجادىيىتى 1930 - يىللىرى باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا زۇلمەتلىك كونا دۇنيا، ئادالەتسىز تۈزۈم، جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىققا بولغان قاتتىق غەزەپ - نەپرەت ئىپادىلەنگەن. يېڭى ھايات يولىدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئىستەك بىلەن شېئىرلىرى كىشىلەرنى يېڭى مەدەنىيەت، تەرەققىيات يولىغا مېڭىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. نادانلىق، خۇراپاتلىق، قالاقلىقنىڭ خەلقىمىزگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى پاش قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان شېئىرلىرىدىن «ئۆلۈم»، «كاككۇك»، «نىتەي»، «ئەيلىسۇن»، «ئاھ بالام» قاتارلىقلار بار.

نىياز باقى شېئىرلىرىدا لىرىك پىكىر ئەركىن، ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەدىئىي تىلدىن، بولۇپمۇ خەلقىنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

96 - سوئال: نىم شىبھىتىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

نىم شېھىت ئارمىيە ئىلى سايرامى 1906 ـ يىلى باي ناھىيىسىنىڭ تېزەك قاغا مەھەللىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىلاخۇن مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ 1920 ـ يىلدىن 1930 ـ يىلىغىچە باي ۋە كۇچادىكى مەدرىسىلەردە، ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان. 1933 ـ يىلى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ياردار بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ شائىرغا نىم شېھىت دېگەن سۆز ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ قالىدۇ. ئۇ 1936 ـ يىلى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى بولىدۇ. 1944 ـ يىلى مىللىي قوشۇنغا قاتنىشىپ «قوماندانلىق شىتاب»نىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت، ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قوشۇن چېكىنگەندە نىم شېھىتمۇ قوشۇن بىلەن غۇلجىغا بارىدۇ. غۇلجىدا مىللىي قوشۇن باش قوماندانلىق شىتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ يېزىش» ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. 1948 ـ يىلى شائىر «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، بۇ ئىتتىپاقنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1952 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان خەلق

ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىدۇ. 1956 ـ يىلى جۇڭگو ھەج قىلىش ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولىدۇ. 1957 ـ يىلى مايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. بۇ پېشقەدەم شائىر، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، 1972 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى 65 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

**97 ـ سوئال: نىم شېھىت بۇ دەۋردە قايسى ئەسەرلەرنى يازغان؟**

**جاۋاب:**

نىم شېھىت قەشقەردە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا شېئىرىيەت ساھەسىگە كىرىپ كېلىپ، نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يېزىپ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ «مادار ئەزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «ئەنۋەر رۇلھۇدا» (توغرا يول نۇرلىرى) ناملىق ئىشق قەسىدىسى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «ئۇمۇر خاتىرەمدىن» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، قانلىق جەڭدىن بەدىئىي خاتىرە قالدۇردى. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ھەم تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى ئېلان قىلدى، «لەيلى ـ مەجنۇن» نى ئوپېرا قىلىپ يېزىپ چىقتى. شۇنىڭدەك «يىلان مۈڭگۈزى»،

«رەممال» قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرىنى ئېلان قىلدى. «سەپەردىكى يارىمغا»، «بۈيۈك جۇڭگو»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب»، «خىيانەتتىن شىكايەت»، «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «قەبرىدىن ئاۋاز»، «ئويغان»، «كۆر ئاغزىدىن يانغاندا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەينىكىدۇر.

## 98 - سوئال: نىم شېھىت شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؟

جاۋاب:

نىم شېھىت ئۆز شېئىرلىرىدا بىر ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقئارا فاشىزم كۈچلىرىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقى، خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى قامچىلايدۇ، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى پەقەت خەلق ئاممىسى قولىغا قورال ئېلىپ، باتۇرلارچە كۈرەش قىلغاندىلا ئاندىن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئىلىم - مەرىپەت ھەققىدە يازغان شېئىرلىرىدا خەلقنى زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت بىلەن قوراللىنىپ، نادانلىق قالپىقىنى چۆرۈۋېتىشكە چاقىرىدۇ.

**99 - سوئال: نىم شېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.**

جاۋاب:

1936 - يىلى 2 - ئايدا يازغان «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىردا، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن، كىشىلەرنى قايىل قىلالايدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر ھەقىقەتنى — پۇلغا، مۇھەببەتكە بېرىلگەن نادانىنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن، بىلىمگە بېرىلگەننىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئوبرازلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، نادانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسىرلىك ۋە جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئۇلۇغلايدۇ، ئىلىم - پەن ئىگىلەشنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى زۆرۈرىيىتىنى قايىل قىلارلىق ۋە ئىشەندۈرەرلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**100 - سوئال: نىم شېھىت شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ.**

جاۋاب:

1. نىم شېھىت ئىجادىيىتىدىكى خاراكتېرلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى، شائىرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر، فانتازىيە، مۇبالىغە قاتارلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئەنئەنىۋى شەكىللەرگە يېڭى تۈس كىرگۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسى، دەۋر روھى، ئىلغار ئىدىيىسىنى ئاكتىپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

2. شائىرنىڭ شېئىرلىرى رىتىم جەھەتتىن يەڭگىل،

تىلى راۋان، شەكىل جەھەتتىن جانلىق ۋە يېڭى، تىلى ئوبرازلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

3. ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

**101 - سوئال: نىم شېھىتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟**

**جاۋاب:**

نىم شېھىت ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك، مول ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئىنقىلابىي دەۋرنىڭ ھەر بىر تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ماھىرلىق بىلەن قوللاندى. كلاسسىك شائىرلار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ۋەتىنى، يۇرتىنى سېغىنىش، قوغداش، ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەش بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا، نىم شېھىت بۇ خىل ئىدىيىۋى مەزمۇننى رېئاللىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. جان پىدالىق بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەش ئەمەلىيىتىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنى ئۇيۇشۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا، كونا

دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى ھاياتقا ئىرىشىشكە ئىلھاملاندۇردى.

نىم شېھىت يەنە داستانچىلىقتىن ئىبارەت شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرىدىمۇ ئەسەر يېزىپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى تېما — بىلىم ئارقىلىق ئەقىل - ئىدراككا ئىگە بولۇش، يېڭى دۇنيا يارىتىش ئىدىيىسىنى كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولدى. دېمەك، نىم شېھىت ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئىجابىي قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ تېما دائىرىسى، غايىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئۇسلۇبىنى بېيىتتى ھەم ئۇنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈردى. مانا بۇلار تالانتلىق شائىرنىڭ تۆھپىسى.

## 102 - سوئال: مەرۇپ سەئىدى كىم؟

جاۋاب:

مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست مەرۇپ سەئىدى پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى.

103 ـ سوئال: مەرۇپ سەئىدىنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

مەرۇپ سەئىدى 1898 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىگە قاراشلىق باي سىبىت دېگەن يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ چېلەك رايونىدىكى ساۋۇت داموللا، مىزەم ئاخۇنۇملاردىن تەلىم ئالغان. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنى ۋە رۇس تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، دۇنيا ئەدەبىياتى ئورمانلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن.

مەرۇپ سەئىدى 1918 ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولدى. شۇندىن تارتىپ غۇلجا شەھرى، غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق ھەر قايسى يېزىلاردا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئەل ئىچىدە قىزغىن قارشى ئېلىندى. 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھرىدە قۇرۇلغان «ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى. كېيىن غۇلجا شەھرى ئۈچ دەرۋازا مەكتىپىگە مۇدىر بولدى. ئۇ ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە زور ئىسلاھات كىرگۈزۈپ، بۇ مەكتەپنىڭ نامىنى «ئۈمىد مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىپ، مائارىپتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1936 ـ يىلى مەرۇپ سەئىدى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە

كىلىپ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كەمتەر ئىلمىي پەزىلىتى، تەلەپچان ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى قەلبىدە ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالدى. بىراق شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن چەكلىدى. 1940 - يىلى 11 - ئاپرېل ئۇنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە قامىدى، 1942 - يىلى ۋەھشىيلىك بىلەن قەتلى قىلدى. مەرۇپ سەئىدى 44 يىللىق قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۆز ھاياتىنى خەلقنى غاپىللىقتىن، نادامەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش كۈرىشىگە بېغىشلىدى.

## 104 - سوئال: مەرۇپ سەئىدىنىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

مەرۇپ سەئىدى 1930 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «ئىلى دەرياسى»، «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا رېئال ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاكتىۋال تېمىلاردا يېزىلغان شېئىر، ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1933 - يىلى «ئىلى دەرياسى» گېزىتىگە بېسىلغان «زىيالىي»، 1934 - يىلى ئېلان قىلىنغان «بولسا ئىدى»، «تورۇڭ دېھقانلار»، 1936 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ئايخان ئانام»، 1940 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر قىزى»، «پۈتۈن شىنجاڭ گۈللەندى»

قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە شۇ يىللاردا يازغان «ئېچىلغان گۈل»، «ئەتىياز پەسلى» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى ئۇيغۇر خەلق ئاممىلىرىغا سىڭىپ، كەڭ تارقىلىپ، تاكى ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە خەلق ئىچىدە ياڭراپ كەلمەكتە. مەرۇپ سەئىدى پاساھەتلىك خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان ئەنە شۇ ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى سەھىپىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالدى.

**105 ـ سوئال: مۇھەممەت تۇردى قاسىمى كىم؟**

**جاۋاب:**

مۇھەممەت تۇردى قاسىمى (ھەزىنى) 1937 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان، ئەينى دەۋردە خوتەن دىيارىدا كەڭ تارقالغان «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» دېگەن مەشھۇر شېئىرى بىلەن خەلق قەلبىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالغان ئىستىداتلىق رېئالىست شائىر.

**106 ـ سوئال: «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» دېگەن شېئىرنى تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

گەنسۇ، نىڭشىيا تۇزلەڭلىكىدە شىددەت بىلەن كېتىۋاتقان مىلىتارىستلار ئۇرۇشىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، جېنىنى ئېلىپ قېچىپ يۈرگەن قاچقۇن ماجۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى بىلەن قوشۇننى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىدۇ. قۇمۇل ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش

قىلىدۇ. 1934 - يىلى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەدەپ يەپ جەنۇبىي شىنجاڭغا سۈرۈلىدۇ. بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ماجۇڭيىڭ ئاخىرى ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قاۋۇل ھەربىي ئاتامانلىرىدىن بىرى بولغان ماخۇسەن خوتەننى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ھەربىي ئىستىبدات ماخۇسەن قوشۇنى 1934 - يىلى 7 - ئايدىن 1937 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر بولغان ئۈچ يىلدا خوتەن ئاھالىسىغا ھەددى - ھېسابسىز كۈلپەت - جاپا، زۇلۇم، ئازاب سالىدۇ.

بۇ شېئىردا ماخۇسەن باندىتلىرىنىڭ خوتەن ئاھالىسىگە سالغان ئازاب - ئوقۇبەت، ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار - سەيسىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. شائىر خوتەن خەلقى شۇ قارا كۈنلەردە بېشىدىن كۆچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەت، مۇڭ - زار، غەزەپ - نەپرەتلىرىنى تەسىرلىك پاكىتلار ئارقىلىق شېئىرىي يول بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئوبرازلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئاپتور ئۆز لىرىكىسى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنى كۆرەش سېپىگە ئۇيۇشتۇرىدۇ. شېئىرنىڭ تەسىرى بىلەن خورلانغان خوتەن خەلقى زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدۇ. شېئىر ئەكسىيەتچىلەرگە ۋەھىمە بولۇپ تۇيۇلىدۇ، شۇڭا مىلىتارىستلار شائىرغا زىيانكەشلىك، سۇيىقەست پىلانلاپ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# جەڭگىۋار ئەدەبىيات

107 - سوئال: 40 - يىللاردىكى سىياسىي ۋەزىيەت قانداق ئىدى؟

جاۋاب:

40 - يىللار خەلقئارا ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور، جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن تارىخىي بۇرۇلۇش يىللىرى ئىدى. بۇ يىللاردا گىتلېر گېرمانىيىسى ياۋروپانىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك قىسمىنى قورشىۋالدى. ئىتالىيە بىلەن ياپونىيە ھەربىي ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى تۈزۈپ دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈۋالماقچى بولۇشتى؛ 1942 - يىلى 22 - ئىيۇل گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇشتۇمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. دۇنيا خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان فاشىزمغا قارشى كۈرىشى تەڭداشسىز جاپالىق يىللارنى باشتىن كەچۈردى؛ ياپون جاھانگىرلىكى تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازاد رايونلارغا قارىتا «تازىلاش»، «پىلە قۇرۇتىدەك يېيىش» نى جىددىيلەشتۈردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

جياڭ جېشى بولسا، ئازاد رايونلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى دولقۇن قوزغىدى. شىڭ شىسەي بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ، فاشىزم كۈچلىرى غەلىبە قىلىدىغان بولدى دەپ

قاراپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش»، «كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش»تىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، ماركسىزم ئىدىيىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارا ئېلان قىلدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشىغا بولغان ساداقىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنى ھەيدەپ چىقاردى. شىنجاڭدا ئىنقىلابىي خىزمەت قىلىۋاتقان چېن تيەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كىشىنى قەتلى قىلدى. ئىلغار ئىدىيىدىكى ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلىدى. ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنى كۆيدۈردى. گومىنداڭ خادىملىرى شىنجاڭدا ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە، ئامېرىكا كۈچلىرىمۇ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوللىدى ۋە يۆلىدى. مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش چېكىگە يەتتى. بۇ ھال ھەر ساھە زىيالىيلىرىنىڭ ۋە خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن 1944 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاب كۆتۈرۈلدى. شىڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىقى ئاقىۋەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1944 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە 5 يىل داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا ئۈچ ۋىلايەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى جىددىي كۈرەش قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، گومىنداڭنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنىنى بەند قىلىپ، ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىنجاڭدىمۇ بىر ئازادلىق سېپى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي كۈرەشكە يېقىندىن ماسلاشتى.

**108 - سوئال: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قانداق غەمخورلۇق قىلغان؟**

**جاۋاب:**

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگونىڭ ئەڭ يىراق غەربىي قىسمى، مەملىكەت بويىچە ئاساسىي دىققەت - ئېتىبارنى ۋە پۈتۈن كۈچىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشقا قارىتىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن ئۇزاقتا جايلاشقان چېگرا رايوندا قوزغالغان ئىنقىلاب بولغاچقا، شۇ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەييارلىنىپ، باشلىنىپ تاكى غەلىبە قىلغانغا قەدەر بولغان مەزگىلدە ئادەم ئەۋەتىپ بىۋاستە رەھبەرلىك

قىلىشقا يېتىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ ئىنقىلابىي كۆرشىگە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىپ ۋە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندىن تارتىپلا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يەنئەندىكى ئورگان گېزىتى «ئازادلىق گېزىتى» ۋە چۇڭچىڭدا چىقىدىغان «شىنخۇا گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر ماقالە، ئوبزور، خەۋەرلەر ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان ئىنقىلابىي كۆرەشكە ھېسداشلىق قىلىش ۋە قوللاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈننى ئالاقىچى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق غۇلجا شەھرىگە ئەۋەتتى ھەمدە «لىچۈن» نامىدا رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما يوللاپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشكە ۋەكىل ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. 1949

- يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ماۋزېدۇڭ ئەخمەتجان قاسىمگە تېلېگراما ئەۋەتىپ: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بەردى.

**109 - سوئال: ئۈچ ۋىلايەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولغان؟**

**جاۋاب:**

مۇشۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇردى. ئۈچ ۋىلايەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنى توغرا يولغا باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئازاد رايونلار بىلەن ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن بۇ رايوندا مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى رۇس، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كىرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تقىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاخبارات بىۋاسىتە يەنئەن «شىنخۇا ئاگېنتلىقى» دىن ئېلىناتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتە يەتتە خىل تىلدا گېزىت چىقىرىلغاندىن سىرت «كۈرەش»، «ئىنقىلابچىل ياشلار»، «تاڭ چولپىنى»، «ئالغا» قاتارلىق ژۇرناللار چىقىرىلدى. بۇ ژۇرناللاردا ماركسنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى قىسقارتىپ بېسىلىپ، سوتسىيالىزمنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلدى؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىندى. شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇق خاراكتېرلىك مۇھىم ھۆججەتلىرى، ماقالىلىرى، رەھبەرلەرنىڭ نۇتۇق ۋە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇردى. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر دەۋر روھىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ گۈزەل ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئويناپ، كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

**110 - سوئال: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللاردا كىملەرنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان؟**

**جاۋاب:**

زۇنۇن قادىرى، زىيا سەمەدى، ئابدۇرېھىم ئېسا، قاسىمجان قەمبىرى، نىم شېھىت، نەسرۇللا قارى، ئابدۇللا

سادىق، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەلقەم ئەختەم، داۋۇد تۇراخمەتوۋ، كېۋەر نىياز، تېيىپجان ئېلىيوۋ، ئابلىز نازىرى، نىغمەت خەلپەت، خۇدابەردى تالىپ، ئابدۇلھەي روزى، تۇرسۇن قاھار، ناسىر ھەسەن، ياسىن خۇدا بەردى، ئىبراھىم بارات، ھاكىم جاپپار، خېلىل ھەمرايوۋ، سوپاخۇن پولات، مۇھەممەت رېھىم، مىرسۇلتان، مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەنسۇرى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

111 - سوئال: ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋەكىللىك يازغۇچىلار كىملەر؟ ئۇلار قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟

جاۋاب:

ئۈچ ۋىلايەتتىكى ۋەكىللىك يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى: ئەنۋەر ناسىرى ۋە ئۇنىڭ «كۆن چىقىش شامىلى»، «قىشقا بېغىشلاپ» ناملىق شېئىرلىرى؛ زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭ «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «غۇنچەم» ناملىق دراممىلىرى، «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىلىرى؛ ئەلقەم ئەختەم ۋە ئۇنىڭ «ئۈچمەس تىلەكلەر»، «ئارمان»، «قەشقەر قىزى»؛ قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئۇنىڭ «رەپىقەمگە»، «پۇرسەت ساقا»، «ياشلىق چاغلىرىم» ناملىق شېئىرلىرى؛ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «شانلىق قۇربان»، «كۆرمش يولى»؛ ئىبراھىم نورۇز ۋە ئۇنىڭ

«خەلق ئاھـــدىن نۇر» ، «خەۋپ يالقۇنـــى» ناملـــق دارمىلىرى؛ نىغمەت خەلپەتنىڭ «پەلەكتىن شىكايەت» ، «پايدىلىق» ناملىق شېئىرلىرى؛ ئابلىز شىرىپى ۋە ئۇنىڭ «ئاكوپتا» ناملىق داستانى قاتارلىقلار.

**112 ـ سوئال: زۇنۇن قادىرنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

زۇنۇن قادىرى 1911 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىك يېشىدا ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كەلگەن، غۇلجىدا دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان. 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل، ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئۈچ يىل ئوقۇغان. 1941 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانائىنەفىسەدە ئارتىس، رېژىسسور، ئىجادىيەتچى ۋە ئىجادىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1944 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ھەربىي مۇخبىر بولغان. 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان ژۇرنىلى «كۈرەش» ، «ئىتتىپاق» قاتارلـــق ئەپكارلاردا مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1957 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1957 ـ يىلىدىن بۇيان

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان. 1989 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋاپات بولغان.

**113 - سوئال: زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

**جاۋاب:**

تالانتلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرنى 40 - يىللاردا ھېكايە ئىجادىيىتىنى باشلىغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلغان.

زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەسەر يازغان، ئەينى ۋاقىتتىكى پروزىمىزدا قېلىپلىشىپ قالغان ئومۇمىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئۆزىگە خاس يېڭى يول ئاچقان يازغۇچى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئازادلىققىچە بولغان ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنى نامايان قىلدى.

**114 - سوئال: نېمە ئۈچۈن زۇنۇن قادىرىنى ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىنىڭ ئاساسىنى**

سالغۇچىلارنىڭ بىرى دەيمىز؟
جاۋاب:
رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى يازغۇچىلاردىن ئوبيېكتىپ دۇنيانى تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقىسى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل تەسۋىرلەش يۈكسەك دەرىجىدە چىنلىق ۋە ئەينەنلىككە ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭدىن قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى چىقىپ تۇرۇشى، كىتابخانلاردا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك تۇيغۇ پەيدا قىلالىشى كېرەك.
زۇنۇن قادىرنىڭ پروزا جەھەتتىكى ئىجادىي ئەمگىكى ئۇنى ئۆز خەلقى بىلەن باغلىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يورۇتۇپ بەرگەن بىر قاتار ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن جەڭگىۋار ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئىي خاتىرىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ پارلاق سەمەرىسى بولۇپ قالدى. زۇنۇن قادىرى تۇرمۇشتىكى ئەھۋاللارنى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدىغان رېئالىستىك پروزىنى ئېلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىغا ئاساس سالغان دەيمىز.

115 ـ سوئال: «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىڭ.
جاۋاب:
زۇنۇن قادىرى بۇ ھېكايىسىدا، گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زوراۋانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتتە، ياشلىق باھارى خازان بولغان بىر جۈپ ئۇيغۇر مۇئەللىمنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى فاشىستىك تېررورلۇقنى پاش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى فاشىستىك مائارىپ تۈزۈمى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتور جاھالەتلىك جەمئىيەتنىڭ مىللىي مائارىپ ئەھۋالىنى، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان مائارىپچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىپ، كىتابخانلارنى مائارىپ ھەققىدىكى سىنىپىي دەرسلىك بىلەن تەمىنلەپ غايەت زور تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ.

**116 - سوئال: «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىنى تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

زۇنۇن قادىرنىڭ بۇ ھېكايىسى 1948 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە بېسىمى ئاستىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يانجىلىپ، ھالىدىن كەتكەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى جانلىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلەپ، زۇلۇم ۋە خورلۇق بىلەن تولغان جىنايەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك مەنزىرىسىنى مۇۋاپىقىيەتلىك سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ھېكايىنىڭ دەسلەپكى تەسۋىرى ئارقىلىق مۇشەققەتلىك يېزا

تۇرمۇشنى نامايان قىلىپ، جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرسىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇش، رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىدۇ. ھېكايىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژ باقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېيىنكى تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەركەز قىلىنغان ھالدا راۋاجلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاپتور تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ ئالاھىدە، تەرەپلىرىگە بېرىلمەي، بەلكى پېرسوناژنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بىرلىكىگە، روھىي دۇنياسىغا، ئەھمىيەتلىك تەرىپىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

**117 ـ سوئال: «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

1. باش تېمىنى ئېچىشتا ئاپتور بايانى بىلەن پېرسوناژنىڭ بايانى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ كۆلىمىناتسىيىسى بىلەن يېشىمى ئاپتور تىلى ئارقىلىق، تۈگۈنى بىلەن راۋاجى پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق بېرىلگەن. بۇ ئاپتورنىڭ ھېكايە سۆژىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

2. بايان ۋە تەسۋىردىكى بەدىئىي قۇرۇلما ئۆزىنىڭ ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇق مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ ئەسەرنى لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان، يەنى مەنزىرە بىلەن ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي بىرلىكىگە باشتىن ئاخىر تولۇق ئېتىبار بەرگەن. ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر

مۇڭلۇق، قايغۇلۇق تۇزۇلۇشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەسرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ماسلاشقان.

3. ئاپتور ھېكايىدا قوللانغان پورترېت تەسۋىرى ۋە تەبىئەت تەسۋىرىمۇ شۇنداق ئېنىق ۋە ئوبرازلىق بولغان. ئاپتور پېرسوناژ قىياپىتىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشكە ياردىمى تېگىدىغان ماھىيەتلىك تەپسىلاتلارنى تاللاپ تەسۋىرلىگەن. پورترېت تەسۋىرى ئارقىلىق خورلىنىشتىن ۋەيران بولغان دېھقانىنىڭ تەسىرلىك ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن.

4. ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە. ئاپتور پېرسوناژلار تىلىنى ماھىرلىق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇپ، ھەر بىر پېرسوناژنى ئۆزىگە خاس مىللىي تىل، مىللىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغان.

**118 - سوئال: زۇنۇن قادىرى ھېكايىچىلىقىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلىڭ.**

جاۋاب:

زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى:

1. زۇنۇن قادىرى تۇرمۇشنى ئالاھىدە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ تېخى ئېچىلمىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى

ئۇششاق، لېكىن خاراكتېرلىك ۋەقەلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، سەلتەنەتلىك ۋەقەلەرگە بېرىلمەي، تىپىك ۋەقە ھەم تىپىك كۆرۈنۈشلەرگە ئىنتىلىدۇ.

2. زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسى ۋە سۇژېت قۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولۇپ، كۆپىنچە سۇژېت بىر ۋەقەلىك ئېگىزىدە، تاغ لىنىيىلىك راۋاجلىنىدۇ.

3. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش بىرلىكىدە مىللىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تولغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى زېمىنىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇ، پىكىر - خىيالى، ئارزۇ - ئارمان، خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرىدا ئۇيغۇر پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىچە يارقىنلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

4. ئاپتور پورترېت تەسۋىرىدە پېرسوناژ قىياپىتىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ياردىمى بولغان ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى تاللاپ تەسۋىرلىسە، تەبىئەت تەسۋىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىدۇ.

5. ئاپتور ھېكايىلىرىنىڭ سۇژېت، تەپسىلات، تىل قۇرۇلمىلىرى بىلەن بايان، تەسۋىر، دىئالوگ ۋە مۇلاھىزىلەرگە ئوخشاش بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ماس ھالدا تەشكىللەپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بەدىئىي فورما ۋە ھېسسىيات ۋەزنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، كىتابخانلارنى

چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بەدىئىي مۇھىت يارىتىدۇ.

ئومۇمەن، زۇنۇن قادىرى ئۆز ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى جانلىق ئوبراز، رەڭدار تىل بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان يازغۇچى.

**119 ـ سوئال: نېمە ئۈچۈن زۇنۇن قادىرنى ئۇيغۇر مەسەلچىلىكىنىڭ ئۇلگىسىنى تىكلىگەن دەيمىز؟**

**جاۋاب:**

زۇنۇن قادىرى ئۆز ئىجادىي ھاياتىدا 30غا يېقىن شېئىرىي مەسەل يېزىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا مەسەل ژانىرىنىڭ ئۇلگىسىنى تىكلەپ، بۇ ئەدەبىي ژانىرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ «قوشچى بىلەن چاشقان»، «چۈجە بىلەن سېغىزخان»، «بۇلبۇل بىلەن سوڭگۇلگۈچ»، «قاغا بىلەن كەپتەر» قاتارلىق مەسەللىرى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە قۇدرەتلىك بەدىئىي كۈچىنى نامايان قىلىپ ياشاپ كەلمەكتە.

**120 ـ سوئال: «چۈجە بىلەن سېغىزخان» دېگەن مەسەلدە قانداق ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟**

**جاۋاب:**

«چۈجە بىلەن سېغىزخان» دېگەن مەسەلدە، ئاجىزلارنى

بوزەك قىلىپ، كۈچلۈكلەردىن قورقىدىغان رەھىمسىز، مەنمەنچى قۇش - سېغىزخان چۈش كۆرىدۇ. ئۇ چۈشىدە ھاياتلىق ئالىمىگە ئەمدىلا كۆز ئاچقان چۈجىگە ھەسەت قىلىدۇ، چۈجىنى ئۇجۇقتۇرۇش ھېسابىغا بەختلىك ياشاش غەرىزىدە، چۈجىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىدەك ۋەقەنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى دۇنيادا ئۆزۈملا بەختلىك ياشىسام بولدى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ ھاياتىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمايدىغان ھەسەتخور كىشىلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. كىشىلەرنى كەڭ قورساق بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ياخشىلىقنىڭ ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتنىڭ يەڭگەنلىكى ھەم ئۇنىڭ قەدىرلىنىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

**121 - سوئال: «بۇلبۇل بىلەن سۇڭگۈلىگۈچ» دېگەن مەسىلىدە قانداق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟**

**جاۋاب:**

بۇ مەسىلىدە، قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمىسمۇ، ماختىنىش، پو ئېتىش، باشقىلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ مەنمەنلىك قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان سۇڭگۈلىگۈچنىڭ بۇلبۇل بىلەن ئۇستۇنلۈك تالىشىش جەريانىدىكى مەنمەنلىكى، بىلەرمەنلىكى ۋە كۆرەڭلىكىنى تەسۋىرلەپ، جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ تەييارغا ھەييار بولىدىغان، بىراۋلارنىڭ قان تەرى، ئەجىر - ئەقىدىسى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمگىكى بەدىلىگە كېلىدىغان

شان ـ شۆھرەتكە ئاسانلا ئىگە بولۇۋېلىپ، نام چىقىرىشنى كۆزلەيدىغان ناچار ئىستىلنى قاتتىق قامچىلايدۇ. بۇلبۇلنىڭ سادىدىلىقى، ئاق كۆڭۈللىكى ۋە مەردانىلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

**122 ـ سوئال: خېلىل ساتتارى كىم، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

خېلىل ساتتارى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ھازىرقى زامان ئاخباراتچىلىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى.

خېلىل ساتتارى 1914 ـ يىلى قازاقىستان چېلەك رايونىنىڭ قارايوتا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپ ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئاندىن ئالمۇتىدىكى زارۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1930 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە ئانا ماكانى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارا ئۆستەڭ يېزىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1932 ـ يىلى «ئىلى دەرياسى» گېزىتخانىسىغا ئورۇنلىشىپ تەھرىرلىك قىلغان. 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» دە خىزمەت قىلغان. 1939 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىپ، مىخلىنىپ مىخلانغان، ئۇن مىخلانغان گۇناھسىزلار قاتارىدا قۇربان بولغان.

**123 ـ سوئال: خېلىل ساتتارى شېئىرلىرىدا**

قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىزھار قىلىنغان؟

جاۋاب:

ئېلىل ساتتارى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان. «ئىلى گېزىتى» دە مۇھەررىرلىك قىلغاندا شېئىرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن گېزىتتە ئېلان قىلىپ، ئاسارەتتە تۇرغان خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەشنىڭ ياڭراق سىگنالىنى چالدى. جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، زۇلۇم، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئىللەتلىرىنى پاش قىلدى. خوتۇن - قىزلارنى فېئوداللىق ئىسكەنجىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا ئىلھاملاندۇردى. ئەمەلدارلارنىڭ شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، زوراۋانلىق، پارىخورلۇق، تاماخورلۇق ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. 1935 - يىلى ئېلان قىلغان «شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى» ، «گۈلىستان» ناملىق شېئىرلىرىدا شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى يارقىن ئوبرازىنى، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى، پارلاق كېلەچىكىنىڭ ئوبرازىنى يىراقنى كۆرەرلىك، ئۈمىدۋارلىق بىلەن سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، رېئال ئەھمىيىتى كۈچلۈك، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولۇپ، ئەينى دەۋردە مۇھىم رول ئوينىغان.

**124 - سوئال: سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب:

سەيپىدىن ئەزىزى 1915 - يىلى مارتتا ئاتۇشتا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرى ئۆز يۇرتىدا ئىلىم - بىلىم ئىگىلەش بىلەن ئۆتكەن. قەشقەردە بىر مەزگىل ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۆز يۇرتىدا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ بايراقدارى مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. 1936 - يىلى تاشكەنتكە بېرىپ رۇس تىلى، رۇس، سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىدۇ. 1939 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، چۆچەك گېزىتخانىسىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى مانا مۇشۇ جايدا باشلايدۇ. 1943 - يىلدىن تاكى ئازادلىققىچە غۇلجىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي، مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىسىدە كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، «ئالغا» گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن تاكى 1980 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن خىزمىتى مەركەزگە يۆتكەلدى.

**125 - سوئال: سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىجادىيىتى قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى**

باسقۇچىدا قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟

جاۋاب:

ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ، 1938 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە؛ ئىككىنچى باسقۇچ، 1949 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، 1980 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى 1938 - يىلى ئىجادىيەتنى باشلىغان بولۇپ، چۆچەكتە خىزمەت قىلغان ئالتە يىل جەريانىدا جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمنى پاش قىلىدىغان «يېتىم توختى»، مۇنچا ئىشچىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن «زامانقۇل»، كونا - يېڭى جەمئىيەت سېلىشتۇرۇلغان «مەنزىرە»، قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى سۆزلەنگەن «ئاچچىق خاتىرە»، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان «يادىكار»، «شانلىق قۇربان» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يېزىپ «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىدۇ. ئۇ يەنە بۇ مەزگىلدە «شانلىق غەلىبە»، «18 - ئاۋغۇست»، «چاقىرىلمىغان مېھمان» قاتارلىق ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يىرگىنىشلىك ماھىيىتىنى پاش قىلىدىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى؛ خىزمىتى غۇلجىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان «قىساس» ناملىق ھېكايىسى بىلەن غۇلجا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن «خەلق دولقۇنى» ناملىق پوۋېستىنى يازدى.

126 ـ سوئال: سەيپىدىن ئەزىزى ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟

جاۋاب:

سەيپىدىن ئەزىزى ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1949 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە ھەربىي قىسىملارغا يېتەكچىلىك قىلدى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى»، «دېھقانلار توپى» قاتارلىق ئوچېركىلارنى يازدى. «تۇنجى پويىز ئاۋازى» (1963)، «قىزىل لاچىن» (1967) قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەرنى يازدى. «خېمىر تۇرۇچ» (1957) ناملىق كومېدىيىسى بىلەن «كۆرەش يولى» (1959) ناملىق درامىسىنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان ھېكايە، نەسىر ۋە شېئىرلىرى «بوغدا ساداسى»؛ «بوران قوشاقلىرى» دېگەن نام بىلەن توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى.

127 ـ سوئال: سەيپىدىن ئەزىزى ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىدا قايسى ئەسەرلەرنى

يازدى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب:

سەيپىدىن ئەزىزى بۇ مەزگىلدە «ئامانىنىساخان»، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئەۋلىيا ئاتا»، «ئۆمۈر داستانى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

«ئەۋلىيا ئاتا»، «ئاچچىق خاتىرە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشى، يەنى سىنىپىي زۇلۇم ۋە دىنىي زۇلۇمنىڭ ئىسكەنجىسىدە مۇجۇلغان قەشقەر خەلقىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى خارۇ - زارلىقتا ئۆتكەن ئېغىر كۈنلىرىنى سۈرەتلەپ بەردى.

«تەڭرىتاغ بۈركۈتى»دە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى جانلىق تەسۋىرلەر ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تارىخىي ئەھۋالى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قانداق قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشىپ، توغرا يولغا ماڭغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

«سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق تارىخىي رومانىدا بولسا، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، قاراخانىلارنىڭ ئاساسىنى سالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرى ھەمدە ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلەر، ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىقتىساد،

مەدەنىيەت، تىل، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى تارىخىي چىنلىقتا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بەدىئىي جەھەتتىن يورۇتۇپ بەرگەن.

128 - سوئال: ئىبراھىم نورۇز كىم، تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

ئىبراھىم نورۇز تالانتلىق شائىر، دراماتورگ، ماھىر سەنئەتچى.

ئىبراھىم نورۇز 1911 - يىلى ياركەنتتە تۇغۇلغان. 1930 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، بايتوقاي يېزىسىغا ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇ يېزىدا نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئىبراھىم نورۇز 1930 - يىلىدىن باشلاپ 1940 - يىلى ئۆز خىراجىتى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بىلەن «كىيىك باش سېرىك ئۆمىكى»نى قۇرغان، قىزىقارلىق ئويۇنلارنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن تاپقان كىرىمنى يېتىم بالىلارغا تەقسىم قىلغان.

129 - سوئال: ئىبراھىم نورۇز قانداق شېئىرلارنى يازغان؟ مەزمۇنى نېمە؟

جاۋاب:

ئىبراھىم نورۇز 1930 - يىلىدىن تارتىپ ئىجاد قىلغان بولۇپ، دەسلەپتە يازغان شېئىرلىرىدا، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان

دەۋردىكى زورلۇق - زومبۇلۇق، زالىملىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. باراۋەرلىك، ئادالەتلىك، ئىناقلىق ۋە ئەركىن دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلغان.

ئىبراھىم نورۇزنىڭ ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان شېئىرلىرى ئۇنىڭ مەنىۋى ئەخلاقىي كۆز قارىشىغا، ئەينى دەۋر جەمئىيەت ئەخلاقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ 30 - 40 - يىللاردا يازغان شېئىرلىرى ئارقىلىق شۇ دەۋرنىڭ قىياپىتىنى، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى (مەسىلەن، «پەسلىگە»، «دوستلار»، «چېرىكلەر»، «ھۆررىيەت» قاتارلىق شېئىرلىرى). ئۇ يەنە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ تارىخىي پاجىئەسىنى ئىنكاس قىلىدىغان «كۆچ - كۆچ» ناملىق داستانىنى يازدى. خەلق ئىچىدىكى شېئىر، قوشاقلارنى، ئاڭلىغان، كۆرگەن ئەھمىيەتلىك جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى يېزىپ قالدۇردى. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**130 - سوئال: ئىبراھىم نورۇز ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشقان؟**

**جاۋاب:**

ئىبراھىم نورۇز سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىنى 1941 - يىلى باشلىغان. ئۇ 1941 - يىلى «نوزۇگوم»، 1946 - يىلى «خەلق ئاھىدىن نۇر»، 1956 - يىلى «خەۋپ يالقۇنى»، 1964 - يىلى «گۇلەمخان» قاتارلىق سەھنە

ئەسەرلىرىنى يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىلى دېھقانلار ھەرىكىتى تارىخىدىن ئېلىنغان.

ئىبراھىم نورۇز 30 - يىللاردىكى تىياتىر ھەرىكىتىنىڭ كەڭ كۆلەمدە، داغدۇغىلىق قانات يېيىشىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزى سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللىگەن. 40 - يىللاردا ئۆز خىراجىتى بىلەن «كىبىسك باش» سىرىك ئۆمىكىنى تەشكىللەپ قىزىقارلىق ئويۇنلارنى قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ مەھەللە، رايون سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۈچۈن لەپەر، كىچىك كومېدىيە، ئېيتىشىشلارنى يېزىپ بېرىپ، يېڭى دەۋر سەنئەت پائالىيىتىنىڭ جانلىنىشى، راۋاجلىنىشىغا بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشقان. بۇ ئەسەرلەر ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي زۇلمى، ئادالەتسىز تۈزۈمىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئەركىنلىك، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئىلھاملاندۇرغان. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ئىخچام قۇرۇلما، يارقىن تىل بىلەن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگەن.

**131 - سوئال: ئەنۋەر ناسىرىنىڭ تەرجىمھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

ئەنۋەر مەخپىر ئوغلى ناسىرى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر، ژۇرنالىست، مائارىپچى.

ئەنۋەر ناسىرى 1914 - يىلى تۆمۈرچى ئائىلىسىدە

دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن. 15 يېشىدا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كېلىپ، بىراۋلارغا يالىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. 1934 - يىلىدىن باشلاپ «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە كىرىپ، دەسلەپتە ھەرىپ تىزغۇچى، 1936 - يىلىدىن كېيىن كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئىلى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغاندا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى «سانائىنەفىسە» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا خەلقنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن جاي - جايلاردا كەچ كۇرسلارنى ئاچىدۇ. 1937 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1945 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ساقچى ئىدارىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1946 - يىلى 11 - ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ 33 ياشتا ئىدى.

**132 - سوئال: ئەنۋەر ناسىرى شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟**

**جاۋاب:**

ئەنۋەر ناسىرى كۈچلۈك ئىنقىلابىي روھ بىلەن سۇغىرىلغان جەڭگىۋار، يالقۇنلۇق، ئىلھام بەخش شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىنقىلاب ساداسىنى ياڭراتتى. «كۈن

چىقىش شاملى» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپپىدە جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقان جەڭچى ئوفىتسېرلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرسە، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئۆلۈشكە رازى بولسىمۇ، ئىنقىلاب ئۈچۈن ئۇلۇغۋار غايىسىدىن ۋاز كەچمەيدىغان ۋەتەننىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. شىڭ شىسەينىڭ ئادالەتسىز، ئىستىبدات تۈزۈمىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ، گومىنداڭنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. دېمەك، شائىر جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق كۆرىشىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئاكتىۋال تېمىنى ئەكس ئەتتۈردى.

**133 ـ سوئال: ئەنۋەر ناسىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتە قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟**

جاۋاب:

ئەنۋەر ناسىرى ياش سەنئەتچىلەر، يازغۇچى ـ شائىرلارنى تەربىيىلەشتە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ياشلارنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. مەسىلەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مېنىڭ دەسلەپكى ئۇستازىم ئەنۋەر ناسىرى

ئىدى، ئۇ مېنى ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم قەدەم ئىلگىرى قىلىپ يېتىشتۇردى» دېگەن سۆزلىرى ئاساسسىز ئەمەس. لۇتپۇللانىڭ ئىقتىدارلىق ياش ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئەنۋەر ناسىرى ئۇنى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالغا بېسىشى، تالانتىنىڭ يېتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇ يەنە ياش سەنئەتچى- يازغۇچى - شائىرلارنى تەربىيىلەشتە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىشىنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەن. 1937 - يىلى غۇلجا قارا دۆڭ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە مەشھۇر سەنئەتچى قاسىمجان قەمبىرىنى تەكلىپ قىلىپ، سەنئەت ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرگەن ھەم شۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن ياش سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ ياشلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ «سىز ئارتىست. خەلق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىڭىز كېرەك» دەيدۇ. ئۇ كېسەللىكىنىڭ ئېغىر بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سەنئەتكە، ياش سەنئەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە بېغىشلىغان.

**134 - سوئال: ئەنۋەر ناسىرىنىڭ «كۆن چىقىش شامىلى» ناملىق شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

شائىر شېئىرىدا كۆن چىقىش شامىلىغا خىتاب قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ۋەھشىيانە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ھەققانىي

يۈرەك ساداسىنى ياڭرىتىپ، ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. جۈملىدىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مەردانە كۈرەش قىلىۋاتقان ئارمىيە ھەم خەلقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى، تاجاۋۇزچىلار يوقىلىپ پارلاق ئىستىقبال يۈز ئاچىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئىپادە قىلماقچى بولغان ۋەقەلىكنىڭ ئوبرازلىقلىقى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى سەنئەتلىك تەسىر قىلىش كۈچى بىلەن كىتابخانلارنى جەلپ قىلىدۇ. «شارقىراپ ئاققان قانلار» دېگەن مىسرالار قۇربان بولغان بىگۇناھ خەلقنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، «تاراملاپ تۆكۈلگەن ياشلار» دېگەن مىسرالار ھەممە جاينى قاپلىغان ئاھ زارنى ئىخچام ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «ياش گۆدەكلەرنىڭ تەمتىرىشى» دېگەن مىسرا ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلغان مەسۇم يېتىملارنىڭ سەرسانلىق تۇرمۇشىنى يىغىنچاق شەرھلىگەن بولسا، «مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ ئۆرتەنگىنىدىن» دېگەن مىسرا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئېلىمىزگە بېسىپ كىرىپ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مول مەدەنىي مىراسلارنى ۋەھشىيانە كۆيدۈرۈپ، نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

يىغىنچاقلىغاندا شېئىرىي پىكىرنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق، ئىخچام بولۇشى بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنى ھاسىل قىلغان.

135 ـ سوئال: نۇرمۇھەممەت بوساقوۋنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ تالانتلىق شائىر ۋە ئاتاقلىق ژۇرنالىست.

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ 1918 ـ يىلى كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، قىيىن تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە چوڭ بولغان. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتىنى غۇلجا شەھرىدە ئالغان. 1935 ـ يىلى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە پىيادە مېڭىپ كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى توختىتىپ، 1936 ـ يىلىدىن تارتىپ باسما زاۋۇتىنىڭ نابور بۆلۈمىدە ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1944 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، خىزمەت تاپالماي ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ سوپۇنچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئۇ ئالدى بىلەن ئىنقىلابىي سەپكە قاتناشقان. گومىنداڭچىلار غۇلجىدىن سۈرۈپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇ «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇھەررىر بولىدۇ، ھەربىي مۇخبىر بولۇپ ئالدىنقى سەپتىن غەلىبە خۇش خەۋەرلىرىنى گېزىتكە ئەۋەتىدۇ. شۇ يىللاردىكى ئېغىر خىزمەت ئېھتىياجى ئۇنى ئىنتايىن ئالدىراش ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، قاتتىق چارچاپ ئېغىر كېسەلگە

گىرىپتار بولىدۇ. ئاخىرى 1950 - يىلى 18 - دېكابىر 32 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

**136 - سوئال: نۇرمۇھەممەت بوساقوۋنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب:

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ 1930 - يىلىنىڭ ئاخىرى قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. 1937 - يىلى ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ «يېڭىلمەس كۈچ» ، «يات يوقىلىدۇ پات» ، «ئۇرۇش دەھشەت» ، «ئەسىرلەر قوينىدا تاۋلاندۇق» ، «ئالغا باس!» ، «سۆزلە تارىخ» ، «گۈدۈك» قاتارلىق شېئىرلىرى، «قانلىق قىساس» قاتارلىق ھېكايىلىرى بار.

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ ئەسەرلىرىدە ئالدى بىلەن جاھانگىرلارنىڭ جىنايەتلىك قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ، بىرلىشىپ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ياۋۇز چىلبۆرىلەرنىڭ پات ئارىدا يوقىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىنى سۆيىدىغانلىقى، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، نېمىگە تەلپۈنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، ئادالەتسىز ئۇرۇشقا، مىللىي زۇلۇمغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ياشلارنى

ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، نادانلىقنى، قالاقلىقنى ۋە خوراپاتلىقنى تۈگىتىشكە چاقىرىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرى جامائەتچىلىك ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئىدىيىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە تەرجىمانلىق، ھەجۋىي رەسىم سىزىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، «مىڭ بىر كېچە»نىڭ ئالدىنقى بىر نەچچە قىسمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. گېزىتنىڭ «غىدىق» بېتىنى ئېچىپ، مەزمۇنغا ماس ھالدا ھەجۋىي رەسىملەرنى بېرىپ، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى چىشلىغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «يېڭىلمەس كۈچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1951 - يىلى نەشر قىلىنغان.

**137 - سوئال: نۇرمۇھەممەت بوساقوۋنىڭ «يات يوقىلىدۇ پات» ناملىق شېئىرىنى تەھلىل قىلىڭ؟**

**جاۋاب:**

1941 - يىلى ۋەزىيەت داۋالغۇپ كۈرەش كەسكىنلەشتى. گېتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى، ياپونىيىنىڭ ئۇنىڭغا زىچ ماسلىشىشى شىنجاڭدىكى شېڭ شىسەينىڭ ئۈمىدىنى جاھانگىرلارغا باغلاپ قويدى. ئۇ شىنجاڭ خەلقىنى قانلىق باستۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن

قىلىش، قىرغىنچىلىق، تېرورلۇق يۈرگۈزدى. شائىر نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ 1942 ـ يىلى بۇ جەڭگىۋار شېئىرىنى ئېلان قىلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغان ياۋۇز چىلبۆرىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى غالجىرلىرىنىڭ خەلقنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

**138 ـ سوئال: ئابلىز شېرىپنىڭ ھايات پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئابلىز شېرىپى ئاتاقلىق شائىر ھەم جامائەت ئەربابى. ئۇ 1921 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلغان. بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۆز يېزىسىدا ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇپ، 1937 ـ يىلى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. شۇندىن باشلاپ ئۇرۇمچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى. ئۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، بەش يىل قاماقتا ياتتى. «11 بىتىم» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى، «ئالغا گېزىتى»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىدى. 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1971 ـ يىلىغىچە

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەسئۇلى بولدى. 1971 - يىلى 2 - ئايدا ۋاپات بولدى.

139 - سوئال: ئابلىز شېرىپىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى قايسى، ئۇنىڭدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب:

ئابلىز شېرىپى (ئەدەبىي تەخەللۇسى «تالڭ») نىڭ ئىجادىيىتى 1938 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردا «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۆرنەك» ژۇرنىلى ۋە «ئالغا» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان شېئىرلىرىدا ئەركىنلىكنى، ھۆرلۈكنى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كۈيلەپ، خەلقنى پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ئادالەتسىز تۈزۈمنى، مىللەتارىست شېڭ شىسەينىڭ زۇلمىنى پاش قىلىدۇ.

ئابلىز شېرىپىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى 1947 - يىلى ئاپرېلدا «ئۆرنەك» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «ئاكوپتا» ناملىق كىچىك داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قېتىملىق چارلاش جەريانىدىكى كىچىككىنە بىر ۋەقە تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن بايان قىلىپ بېرىلگەن.

140 - سوئال: ئابلىز شېرىپىنىڭ «ئاكوپتا»

ناملىق داستاننى تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب:

بۇ داستاندا، قەھرىتان سوغۇقتا توققۇز نەپەر جەڭچىنىڭ دۈشمەننى چارلاشقا چىققانلىقى، قارارگاھقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن تارقىلىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە ماڭغانلىقى، ئىككى نەپەر جەڭچى سىرلىق ئايالغا ئۇچراپ قالغانلىقى، بۇلار ئۇ ئايالنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قالماي، ئەكسىچە ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭغاندا دۈشمەننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى، ئۇلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ھەم خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ چېرىكلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقى بايان قىلىنغان. داستاندا، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئېلىشىش باسقۇچىدىكى ئاخىرقى غەلىبە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جاپالىق كۈرەش مەيدانىدىكى جەڭچىلەر مەدھىيىلىنىدۇ. ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، كوممۇنىزملۇق شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ.

شائىر ئازادلىق تېگى ئېتىش ئالدىدىكى ئاكتىۋال، چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە تېمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، داستان بۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: ① شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ پاكالىيىتىنى سوغۇق قىشتىن ئىبارەت تېپىك مۇھىت ئىچىگە قويۇپ كەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشنى چىنلىققا

ئىگە قىلغان؛ ② 30 ياشلىق سەئدىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە جەڭچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مۇئامىلىسى ئارقىلىق جەڭچىلەردىكى يۈكسەك ئىنقىلابىي ھوشيارلىق، ئىنقىلابقا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراشتەك ئۇلۇغۋار روھنى يورۇتۇپ بەرگەن؛ ③ داستاندا ئالغا سۈرۈلگەن ۋەتەنپەرۋەر-لىك ئىدىيىسىنىڭ يارقىن گەۋدىلىنىشىنى داستاندا قوللانغان ئاددىي، ئاممىباب، ئېنىق بەدىئىي تىلدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

**141 - سوئال: نىغمەت خەلپەتنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

نىغمەت خەلپەت 1888 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۈسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا ئاتىسىغا ياردەملىشىپ ئەمگەك قىلغان. كېيىن لۈكچۈندە ئېچىلغان مەدرىستە ئوقۇغان. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۆزى بىلەن بىللە ئوقۇۋاتقان تالىپلارغا خەلپەت بولغان، شۇندىن باشلاپ «نىغمەت خەلپەت» دەپ ئاتالغان. ئۇ مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. شېئىر يېزىپ پاك مۇھەببەتنى، ئىلىم - مەرىپەتنى، ياخشىلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇ 1931 - يىلى قۇمۇلدا باشلانغان قوراللىق قوزغىلاڭغا باشتىن ئاخىر ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. 1937 - يىلى قولغا ئېلىنىپ 7 يىل تۈرمىدە ياتىدۇ. 1942 - يىلدىن 1944 - يىلى 6

- ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر كامىردا ياتىدۇ ۋە رەھبەرنىڭ دانا پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، سىياسىي ۋەزىيەت، كۆپلىگەن پرىنسىپال، مۇرەككەپ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىلمىي كۆز قارىشى، شەرھلىرىنى بىلىپ، ئۆزىدە يېڭى چۈشەنچە پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. نىغمەت خەلپەت سوراقلاردا قاتتىق زەربە يەپ، نىمجان بولۇپ يېتىپ قالغان چاغلاردا ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇنى كۈرەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. شائىر بۇ كەمتەر، زېرەك، قەيسەر رەھبەرنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ ۋە «توپتىن ئايرىلما» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، ئۆزىنى ئىنقىلاب يولىغا يېتەكلىگەن ئەخماتجان قاسىمىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غۇلجىغا بارىدۇ ۋە 1948 - يىلى قۇرۇلغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ، ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ. 1962 - يىلى 74 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

**142 - سوئال: نىغمەت خەلپەت شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟**

**جاۋاب:**

نىغمەت خەلپەت ئەينى ۋاقىتتا يازغان شېئىرلىرىدا ئاساسەن زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. تاڭ ئالدىدىكى گۈزەل غايە، ئۈمىد ئىشەنچىسىنى ۋە غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان قەتئىي جاسارىتىنى، ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىۋاتقان قەھرىمان جەڭچىلەرگە مەدەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەكىللىك شېئىرلىرىدىن «پەلەكتىن شىكايەت»، «پايدىلىق»، «بولماس» قاتارلىقلار بار.

143 ـ سوئال: نىغمەت خەلپەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قايسى خىل ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى؟

جاۋاب:

نىغمەت خەلپەت مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا ئىجادىيەتنى باشلىغان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبى شەكىللەندۈرگەن پىشقەدەم شائىر. ئۇ ئىجادىيەتتە، خەلق ئەدەبىياتچىسى موللا زەيدىننىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، خەلق ئارىسىدىكى قىزىق لەتىپىلەر، كۈلدۈرگە، ھەزىللەرنى ئۆگىنىپ، توپلاپ، رەتلىدى ۋە تاراتتى. ئۇ تۇرپان تەۋەسىدىكى توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە ۋاڭلار، بەگ - غوجاملار، ئەكسىيەتچى،

پارىخور، نائىنساپ ئەمەلدارلار، موللىلارنى بىئارام قىلىدىغان، تىلى ئۆتكۈر، ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك، مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم قىزىق يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. دېمەك ئۇ، خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ خەلقچىل بولۇش، يۇمۇرلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى.

**144 - سوئال: ئەلقەم ئەختەمنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

شائىر ئەلقەم ئەختەم 1922 - يىلى 22 - ئاۋغۇستتا، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ خۇدىيارىيۇزى يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋاقىتلىرىنى ئارا ئۈستەڭ، چۇلۇقاي ۋە نىلقا يېزىلىرىدا ئۆتكۈزگەن. ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى پىلىچى خېنىغا بېرىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1937 - يىلى مەكتەپتە قارا خىزمەتچى بولىدۇ. 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرىدۇ، 1942 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن «ئۈچمەس تىلەكلەر»، «دىلبەر»، «ۋەدە»، «ئارمان»، «قىش»، «قەشقەر قىزى»، «جەنچىگە» قاتارلىق شېئىرلارنى يازىدۇ. 1947 - يىلى «بىتىم» گە ئاساسەن

مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدۇ ھەمدە «جەنۇب خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسلىمىنى يازىدۇ. 1948 - يىلى «تاڭ ئاتقاندا»، «كۆڭۈللەر كۈلدى»، «تاڭ»، «تاڭ ئاتتى» قاتارلىق ئىلھامبەخش شېئىرلارنى يازىدۇ. مەملىكىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەلقەم ئەختەم «ئېلى گېزىتى» دە باش مۇھەررىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

**145 - سوئال: ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرلىرىدا قانداق ئىدىيىۋى مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟**

**جاۋاب:**

ئەلقەم ئەختەم ئىجادىيەتتە جاپالىق ئىزدىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇردى. ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان شېئىرلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ تارتقان دەرد - ئەلەملىرى، چەككەن زۇلۇم - كۈلپەتلىرى، خەلقنىڭ ھۆرلۈك، يورۇقلۇققا بولغان تەلپۈنۈشلىرى، ئۆز غايىسىنى ھەم قېرىنداشلىرىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

**146 - سوئال: ئەلقەم ئەختەم شېئىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى قايسى؟**

**جاۋاب:**

ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرلىرى ۋە داستانلىرى بارماق

ۋەزنىنىڭ ئون بوغۇملۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان. بۇ خىل شەكىل ئەسلىدە خەلق قوشاقلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بىر مىسراسى بەش بوغۇمدىن، بىر كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن تۈزۈلگەن. ئۇ ئون ئىككى بوغۇملۇق شەكىلدە يېزىشتىن سىرت يەنە، ئايرىغان مىسرالارنىڭ ھەر بىرىدە ئىمكانقەدەر مۇستەقىل مىسرالىق خۇسۇسىيەتنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل شەكىل ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىي شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاددىي، پاسەھەتلىك، چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشتا ساپلىققا ۋە مىللىي تىل ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلگەن.

ئەلقەم ئەختەمنىڭ 1940 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە يازغان ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۈمىد دولقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

**147 - سوئال: «قەشقەر قىزى» ناملىق شېئىرىدا قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن؟**

**جاۋاب:**

شائىر بۇ شېئىرىدا، قەشقەر قىزىنىڭ دەرد تۆكۈشى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ زۇلمەتلىك ۋە ئازابلىق تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي ھالىتى ۋە كىشىلەرنىڭ بېسىم ئاستىدىكى بۇرۇختۇملۇق كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ كىشىلەرنىڭ پارلاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا كۈچ

ۋە گۈزەللىكنى بېغىشلايدۇ. شائىر قەشقەر قىزى ۋۇجۇدىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈمىدۋارلىق خاراكتېرى ۋە ئەركىن - ئازادە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بەختىيار ھايات ئۈچۈن بولغان ئىشەنچىنى، خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ بېرىپ، شېئىرىنى ھەم لىرىك تۇسكە، ھەم كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە قىلىدۇ.

**148 - سوئال: ئابلىز نازىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

شائىر ھەم ژۇرنالىست ئابلىز نازىرى 1925 - يىلى تۇرپاندا ئوتتۇرا ھاللىق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1939 - يىلىغىچە دىنىي ھەم باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1939 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى، پىچان قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1947 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچىگە چىقىپ مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «مەدەنىيەت» ناملىق ئونبەش كۈنلۈك ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ژۇرنالىستلىق ھاياتى شۇنىڭ بىلەن باشلانغان. 1946 - يىلى «بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ كەتكەن. 1948 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كېيىنكى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» تا

مۇھەررىر بولدى. 1950 - يىلى 2 - ئايدا خىزمىتى ئۆزگىرىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىدى. كېيىن يەنە «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇئاۋىن باش تەھرىر. 1979 - يىلىدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئابلىز نازىرى 1994 - يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

ئابلىز نازىرى يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان يېرىم ئەسىر جەريانىدا ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتتى.

## 149 - سوئال: ئابلىز نازىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب:

ئابلىز نازىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا شېئىرغا ئىشتىياق باغلىغان. 1945 - يىلى قايناق ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان «سېغىنىش» ناملىق شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ «زېرەك» تەخەللۇسى بىلەن كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، ئوچېرك، ئەدەبىي خاتىرىلەرنى ئېلان قىلغان. شۇلاردىن «قادىر يامان» ناملىق ھېكايىسى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1945 - يىل 27 - دېكابىر سانىغا بېسىلغان، ھېكايىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

مىللىي ئۇرپ - ئادەتلىرى، كۇلتۇرۇش - مەشرەپلىرىنىڭ جەريانى ھېكايە قىلىنغان؛ ئۇنىڭ «كۇلتۇرۇپلا قالدى»، «يازغۇچىنىڭ تەسىراتى»، «مەدەنىيەتكە ھۇجۇم»، «مۇڭلۇق ئالچۇق» قاتارلىق ئەدەبىي خاتىرىلىرىدە شۇ يىللاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ «ئالتاي پارتىزانلىرى خاتىرىسىدىن» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئوچېرىكىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 1947 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى پاش قىلىنغان. «مىجىلغان يۈرەكلەر» ناملىق ھېكايىسىدە يەتتە ۋىلايەت ياش زىيالىيلىرىنىڭ ئىچىنىشلىق، ئىسيانكارلىق روھى ئوقۇتقۇچى ئەنۋەر بىلەن ئۇنىڭ سۆيگىنى دىلبەر قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

ئابلىز نازىرى «ئارزۇ»، «كۆڭلۈم سەندىدۇر»، «ئىنتىقام»، «خەت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىستىكى بىلەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، «خەير ئېلى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئازادلىق تېگىغا بولغان كۈچلۈك ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

**150 - سوئال: ئابلىز نازىرى ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىق تەرەققىياتىغا قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى؟**

جاۋاب:

ئابلىز نازىرى 1945 - يىلىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ

ئاخىر بىغىچە ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر گېزىتچىلىكى، نەشرىياتچىلىقى ۋە ئاخباراتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق مۇھەررىرلىك خىزمىتى جەريانىدا ئاپتورلارغا باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. ئىجادىيەتچىلەر، مۇخبىرلار قوشۇنىنى تەشكىللەش، تەربىيىلەش، ئىستىپاقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى يېتىلدۈرۈش يولىدا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ يۈكسەك ئىشەنچى ۋە ئالىي ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

## 151 - سوئال: تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ؟

جاۋاب:

تېيىپجان ئېلىيوۋ (ئەدەبىي تەخەللۇسى — جۇرئىتى) 1930 - يىلى قورغاس ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇپ تۆگەتكەندىن كېيىن، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 12 يېشىدىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئىشتىياق باغلاپ، خەلق قوشاقلىرىنى يادلىغان ۋە توپلىغان. 1948 - يىلى قورغاستىن غۇلجا شەھىرىگە بېرىپ «ئالغا» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. بۇ يەردە زۇنۇن قادىرى قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ قوللىشى ۋە يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن

تىز ئىلگىرىلەپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

تىيىپجان ئېلىيېۋ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش، بىلىمىنى ئاشۇرۇش نىيىتىدە سىلاۋيان يېزىقىنى ئۆگىنىۋېلىپ، سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشقا باشلايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىدىن فىردەۋسى، ناۋايى، مەشرەپنىڭ شېئىر، نەزمىلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇيدۇ. ئىجادىيەتكە زور ئىشتىياق بىلەن كىرىشىپ، بىر قىسىم شېئىرلارنى يازىدۇ. ئەمما، ئۇ چاغلاردا دىندارلار تالىپلارنىڭ شېئىر يېزىش، نەزم پۈتۈشكە يول قويمايتتى. مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ ھەيۋىسى ياش ھەۋەسكارنىڭ جۈرئىتىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ «جۈرئىتى» دېگەر ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇ 945 - يىلىدىن باشلاپ «جەڭچى ئاكامغا»، «جانان ئۈچۈن»، «قىش كەتتى»، «بەخت ئارزۇسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كېتىۋاتقان قوراللىق ئىنقىلابقا قاتنىشىش ئارزۇسى، تەلىپى ۋە قىزغىن ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. 1948 - يىلى غۇلجىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، جەڭگىۋار ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان «كۈرەش»، «ۋىسال ئۈمىدى»، «لېنىن ئۆلمىدى»، «جانان ئۈچۈن»، «كۈن چىقىشنىڭ تېخى ئاتتى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ،

ئازادلىق تېخىمۇ كۆيلەپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

152 - سوئال: تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

جاۋاب:

تېيىپجان ئېلىيوۋ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۆز شېئىر ئىجادىيىتىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدەك كۆمۈلۈپ قالغان بەزى شېئىر شەكىللىرىنىڭ خەلق بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈپ، ئۆز رولىنى جارى قىلىشى، ئەركىن راۋاجلىنىشى جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئارۇز ۋەزنىنىڭ خىلمۇ خىل بەھرلىرىدە شېئىر، نەزمىلەرنى يېزىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مىللىي شېئىرىيىتىمىز تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى پىكرىنىڭ يېڭى ھەم ئىجادىيلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چىن ھەم قايناقلىقى، بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مولluقى، تىلىنىڭ ئاممىباب، راۋان، يۇمۇرلۇق، ئويناق، پىششىق ھەم ئوبرازلىقلىقى، تۇرمۇش پۇرىقى ھەم مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن كىتابخانلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. ئۇ يۈكسەك ئىدىيىۋى مەزمۇن، كۈچلۈك بەدىئىيلىك بىلەن

سۈغىرىلغان شېئىرلىرى بىلەن مەملىكىتىمىز ئەدەبىيات گۈلزارلىقىغا بىر رەڭدار، خۇشپۇراق گۈلنى تەقدىم قىلدى.

**153 - سوئال: شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قانداق ئىدى؟**

جاۋاب:

زۇلۇم، تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن ماكاندا تەڭسىزلىك ۋە خورلىنىشقا قارشى نارازىلىق، قارشىلىق ۋە كۆتۈرۈلۈش بولماي قالمايدۇ.

1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابمۇ شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يەرلىك مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلمى، كەمسىتىشى، خورلىشىغا قارشى قوزغالغانىدى. شۇڭا بۇ ئىنقىلاب ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك قوللىشى ئارقىسىدا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەندىن باشقا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان تۇرپان، توقسۇن، پىچان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، تاشقورغان، يەكەن ۋە خوتەنگىچە تەسىر قىلىپ، ئۇ يەرلەردە دەھشەتلىك زۇلۇم ئازاب - ئوقۇبەت چېكىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە كېلىپ قوزغىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىكى خەلق گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى؛ شۇ

يىلى 8 - ئايدا تاشقورغاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. گومىنداڭ كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن بىلەن بۇ قوزغىلاڭلارنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇردى. تىرورلۇق ئەۋج ئېلىپ ھەر مىللەت خەلقلىرى، زىيالىيلىرى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. جەمئىيەتنىڭ نورمال ئەخلاقى بۇزۇلدى. ئادالەت، ھەققانىيەتنى تەشەببۇس قىلىش جىنايەت ھېسابلاندى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى ۋە فېئوداللىق دىنىي خۇراپاتلىقنى بازارغا سېلىپ، تەشۋىق قىلىپ خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي، دىنىي، ئىرقىي مۇناسىۋەتلەردىن، شۇنىڭدەك جەمئىيەت ياشلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل گۇرۇھلارنى ئويۇشتۇرۇپ، شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابقا قارشى ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

دېمەك، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، زۇلۇم، تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاشۇ پەيتتە خەلق ئاممىسى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ زۇلۇمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرغان. ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلقنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن ئىدى.

**154 - سوئال: گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھۋالى**

قانداق ئىدى؟

جاۋاب:

1945 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بولغان جەرياندا ئىنقىلاب رەھبەرلىكىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىن ۋە ئۆزگىرىشچان بولۇشى، دۈشمەننىڭ قانلىق باستۇرۇشى، مىللىي كەمسىتىش ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىر ئېقىمى، ئەدەبىيات - سەنئەت پىكىر ئېقىملىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇنداق جىددىي شارائىتتا بەزى يازغۇچى، شائىرلار چوڭ بۇرۇلۇش باسقۇچىغا يېتىپ كېلىپ پارچىلىنىشقا، بۆلۈنۈشكە قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەر خىل ئېقىم، گۇرۇھ، خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ھەر خىل پىكىر، كۆز قاراشلارنىڭ كەسكىن بەس - مۇنازىرىسى، ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى، جىددىي كۈرەشلىرى ئىچىدە راۋاجلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى. نۇرغۇنلىغان گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر قايسى ئېقىم - گۇرۇھلارنىڭ قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلەن: «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئالتاي نەشرىياتى» تەركىبىدە تەسىس قىلىنغان «ئەرك»، «يالقۇن» گېزىتلىرى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ياشاۋاتقان ئىلغار ئىدىيىلىك يازغۇچى، شائىرلار، سەنئەتكارلار،

ئەدىبلەر روشەن كۆز قاراشتا بولۇپ، ئۆزلىرى دۈشمەن تەرەپتە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلى ئۆز تەرەپتە بولۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. غەلىبە خۇش خەۋەرلىرى، قەھرىمانلىق پائالىيەتلەر يېزىلغان گېزىت - ژۇرناللار، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، خەلقنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇردى، كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر، مەرىپەتپەرۋەرلەر، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە چوڭقۇر نەزەر تاشلاپ، ۋەزىيەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇلار گومىنداڭنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن يۈرگۈزگەن پاجىئەلىك زىيانكەشلىكىگە باش ئەگمەي، ساختا تەشۋىقاتلىرىغا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قەيسەرلىك بىلەن ئاكتىپ قاتناشتى. باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلارنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئۇلارنى يېتەكلەش ئۈچۈن مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىپ، بۇ ۋەزىپىنى پىداكارلىق بىلەن ئورۇندىدى. ئورغۇنلىغان ھەر خىل ژانىر ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ماقالە، ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنى ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى، ھەجۋىي يوللار بىلەن قامچىلىدى، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغاندىلا غەلىبىنى قولغا

كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بازىسىنىڭ ئىنقىلابىي تەدبىر، سىياسەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى خەلقنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان خاتا چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئازادلىق ئۈرۈشىغا يېقىندىن ماسلىشىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلار شىنجاڭ خەلقىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بۇرچىنى بالدۇرراق ئورۇنداش ئۈچۈن يېڭى دېموكراتىك ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئۆتۈپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. كۆپلىگەن جەڭگىۋار، نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئارقا ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھۇجۇم باشلىدى.

**155 ـ سوئال: گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچى، شائىرلار كىملەر؟**

**جاۋاب:**

ئىمىر ھۈسەيىن قازى، مۇھەممەت پەيزى، ئەھمەد زىيائى، مۇھەممەتئىمىن قۇربانى، مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز، ئىبراھىم تۇردى، ئەمەت غوپۇرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ھامىد مەھمۇدى، قۇربان ئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىقلار.

**156 - سوئال: ئىمىر ھۈسەيىننىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ھىجرىيە 1318 - يىلى (مىلادى 1900 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەردە مەرىپەتپەرۋەر ئالىم قۇتلۇق ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1914 - يىلى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى مەدرىسكە كىرىپ ھەر خىل پەنلەر بويىچە مەخسۇس تەربىيە ئالغان، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1933 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە مەھكىمە شەرئىگە قازى بولۇپ تەيىنلەنگەن. شۇندىن ئېتىبارەن ھەم قازىلىق قىلىپ، ھەم دادىسى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ گېزىتچىلىك ئىشىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 - يىلى قۇتلۇق ھاجىم بىلەن بىللە ئىلغار پىكىرلىك گېزىت چىقارغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. شىڭ شىسەي جاللاتلىرى قۇتلۇق ھاجىنى قەتلى قىلىپ، ئىمىر ھۈسەيىننى قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ يەنە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. «ئۆچ بېتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن ئىمىر ھۈسەيىننى «ئۆچ ۋىلايەت تەرەپدارى بولغان» دېگەن بانا بىلەن قولغا ئالىدۇ. بىر يېرىم يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن تاكى 1952 - يىلىغىچە قازىخانىدا ئىشلەيدۇ. 1952 - يىلى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلىدۇ، ئۇ سوتتا ئىشلەيدۇ. 1985

- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج - تاۋابقا بېرىپ، سەراتان ئېسسىققا بەرداشلىق بېرەلمەي 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دوختۇرخانىدا قازا تاپىدۇ. 7 - سېنتەبىر ئەرەبىستان دىيارىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

**157 - سوئال: ئۆمەر ھۈسەيىن شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

**جاۋاب:**

ئۆمەر ھۈسەيىن ئىجادىيىتى 1930 - يىللىرى باشلانغان. ئۇ ھەر خىل تېمىدا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان بولۇپ، بۇ شېئىرلىرىدا مانجۇ ئىستىبداتلىرى، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمىنى چوڭقۇر پاش قىلدى، فېئودال پومېشچىك، قازى، موللا، ئىشانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئاچ كۆزلۈكى، نەپسانىيەتچىلىكىنى ھەجۋ قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلدى، ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، نادانلىق، خۇراپاتلىقنى قاتتىق قامچىلىدى.

ئۆمەر ھۈسەيىننىڭ ئىلىم - مەرىپەت تېمىسىدا ئىجاد قىلغان شېئىرلىرىمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئاپتور بۇ تېمىدىكى شېئىرلىرىدا ئاساسەن ئۆزىنى ئىلىم - مەرىپەت ئىشقىدا كۆيگەن، بۇ يولدا ھەر قانداق بايلىق، مەنسەپتىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرغان مەرىپەتپەرۋەر جەڭچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىلىم - مەرىپەتنىڭ خاسىيىتىنى

ئۆلۈغلىدى.

158 ـ سوئال: ئۆمەر ھۆسەيىن قايسى داستانلارنى يازدى، مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب:

ئۆمەر ھۆسەيىن قازى خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللانغان. ئۇ خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رىۋايەتلەر، ھېكايىلەر، رېئال ۋەقەلىكلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى سۆكىدىغان، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىدىغان رابىيە ـ سەئىدىن ۋەقەسىگە ئاساسەن «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى، ئاتۇش مەشھەتتىكى شاۋاز قارى بىلەن گۈلخۇمارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت پاجىئەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «گۈلخۇمار» داستانىنى، خوتەن قارىقاشتا بولۇپ ئۆتكەن قەمەرسىما بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «قەمەرسىما» داستانىنى، كورلا باش ئەگمەدە بولۇپ ئۆتكەن مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇرنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر» داستانىنى، يەكەن ئىشقولدا بولۇپ ئۆتكەن نۇر ئەبز خېنىم بىلەن بەختىيارنىڭ ئىشق مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «نۇر ئەبزخېنىم بىلەن بەختىيار باتۇر» ناملىق داستانلارنى يازدى.

159 ـ سوئال: ئۆمەر ھۆسەيىننىڭ تارىخ

ئەتىقاتى جەھەتتىكى تۆھپىسى نىمىلەردىن ئىبارەت؟

جاۋاب:

ئۆمەر ھۈسەيىن قازىنىڭ تارىخ تەتقىقات ساھەسىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، نەسىر ۋە نەزم ئارىلاش يېزىلغان «قەشقەر ئىتتىپىنىڭ بەدخالىقى» ، «پەيزىئاۋاتلىق توختى مانجۇ ۋەقەسى» ناملىق داستانلىرى بىلەن «غالچا بەدەخشى سىرىقى بۆلاكچى» ناملىق تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى. ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ئىجادىيىتى ئەدەبىيات ساھەسىگىلا ئەمەس، بەلكى تارىخ ساھەسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ «ۋاقىئاتى كاشغەر» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە تۈرك خەلقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدىن باشلاپ، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ ھە قەشقەر رايونىدا قۇرۇلغان خانلىق ھاكىمىيەتلەر، شۇ دەۋردىكى زور سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئاتاقلىق شەخسلەر، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

160 ـ سوئال: ئۆمەر ھۈسەيىن قازىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزغا قوشقان يېڭى تۆھپىسى نىمە؟

جاۋاب:

ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ھاجىم مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ ئىنىقلىنىپ، بېكىتىلىشىدە زور خىزمەت

كۆرسەتتى؛ ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە، ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىگە ئائىت «قەلەمى قۇرئان»، «ئەھرىل - ئەنساپ» قاتارلىق ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقتى.

## 161 - سوئال: مۇھەممەت پەيزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

مۇھەممەت پەيزى 1909 - يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 12 يېشىغىچە ئىنىسى ئەھمەد زىيائى بىلەن بىرلىكتە ئاتىسى موللاخۇن ھاجىمنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن. 1921 - يىلىدىن باشلاپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرىدىن تەلىم ئالغان. ئۇ 20 ياشقىچە دىن، شەرىئەت ئىلمى، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ئىلىم تۈرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئىلىم ساھەسىدىكى مۆتىۋەر ئۇستازلار ئۇنى «ئىقتىدارلىق ياش ئالىم» دەپ ئېتىراپ قىلغان.

ئۇ مەدرىستىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن «ساقىيە» مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، تالىپ تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە بىر قانچە يىل ياتىدۇ. تۈرمىدىن كېچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ 50 - يىللاردىن

كىيىنكى ھاياتىنى ئەدەبىي، ئىلمىي پائالىيەت، ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ «ئەقىدىلەر گۆھىرى» ، «شېئىرىي سۆزلەر» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازدى. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ «مۇپتەھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى ئەرەبچىدىن تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدىن سىرت كۆپلىگەن پاساھەتلىك شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇردى.

**162 ـ سوئال: مۇھەممەت پەيزى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نېمە؟**

**جاۋاب:**

مۇھەممەت پەيزى شېئىرلىرى ئاساسەن ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ. شەكلى خىلمۇ خىل. قەسىدە، مەرسىيە شائىر ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇننى تۇتىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىلىمنىڭ خاسىيىتى، كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، كىشىلەرنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئىلىم ئەھلىگە ئامانلىق تىلەپ، ئىلىم دۈشمەنلىرى — جاھالەتپەرەسلەرگە زاۋاللىق تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا، ئىنسانلارغا ئۆز ھاياتىنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىلغان تۆھپىسىنى ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ تارتىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئەخلاق تەلىمى

ئېپادىلەنگەن، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان قىسمەن شېئىرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە ئەرەب تىلىدا يازغانلىرىغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە يەنىلا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

**163 - سوئال: «ئەقىدىلەر گۆھىرى» ۋە «شېرىن سۆزلەر» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟**

**جاۋاب:**

مۇھەممەت پەيزىنىڭ «ئەقىدىلەر گۆھىرى» ناملىق ئەسىرى 1948 - يىلى «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» باسمىخانىسىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى شەرھلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان.

«شېرىن سۆزلەر»دە ئاپتور مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلىتى، ئىلىم - ھۈنەر ئىگىلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، سەمىمىي، راستچىل بولۇش، باتۇرلۇق، ھۇشيارلىققا ئادەتلىنىش، چىدامىلىق، ھىممەتلىك بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى تەرغىب قىلىدۇ. كىشىلىك ئەخلاقىغا يات بولغان نادانلىق، ھاياسىزلىق، ئاچ كۆزلۈك، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق، ئۆچ - ئاداۋەت، نىزا پەيدا قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرنى يوقىرىقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇ خىل ئادەتلەرنى يوقتۇرۇۋېلىشتىن ھەزەر

ئېلەشكە چاقىرىدۇ.

مۇھەممەت پەيزى يۇقىرىقىدەك دانا پىكىرلىرى بىلەن مەرىپەت ئاسمىنىدا چاقنىغان سان - ساناقسىز چولپانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**164 - سوئال: ئەھمەد زىيائىنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئەھمە زىيائى 1913 - يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسى خانئېرىق يېزىسىدا ئالىم موللاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالاغەتكە يەتكىچە دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1935 - يىلى 11 - ئايدا قۇتلۇق ھاجى مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىگە ئورۇنلىشىپ، خىزمەت جەريانىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. 1938 - يىلى قۇتلۇق ھاجى قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن گېزىتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بۆلىمىدە 1944 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر تەھرىرلىك قىلىدۇ. 3 - ئايدا قولغا ئېلىنىپ 1946 - يىلى 6 - ئايغىچە تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېتىپ، سودا كارۋانلىرى بىلەن ئاتچىلىق قىلىپ پاكىستاننىڭ لاداخ شەھرىگە بارىدۇ. 1947

- يىلى «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇللىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 1952 - يىلىغا قەدەر شۇ يەردە ئىشلەيدۇ. 1957 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىللىق هاياتى مۇشكۇل شارائىت ئىچىدە ئۆتتى. 1980 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۆتكەلدى. شۇندىن باشلاپ يەنە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. 1989 - يىلى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى.

**165 - سوئال: ئەهمەد زىيائى قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟**

**جاۋاب:**

ئەهمەد زىيائى 1923 - يىلى 10 ياش ۋاقتىدىن تارتىپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. 13 يېشىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى پارس تىلىدا يېزىپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان. 1939 - يىلىدىن باشلاپ پروزا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇپ «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئەپسۇسكى، يازغۇچى رومانىنى ئەمدىلا يېزىپ تاماملاشتۇرغاندا قولغا ئېلىنىپ، ئەسەر تۈرمە داتىرلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ كەتتى.

ئەهمەد زىيائى 1943 — 1944 - يىللىرى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى، «تاڭ (قەدن) پاجىئەسى» ناملىق

ھېكايە، «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ئىستونىدا خېلى كۆپ مۇھاكىمە ماقالىسى، ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئىجادىيەت مەيدانىدا شائىر، دراماتورگ، ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە تونۇلدى.

1947 - يىلى ئۇنىڭ قەشقەر گېزىتى مەتبەسىدە «توزىماس چېچەكلەر» ، «لاداخ يولىدا كارۋان» ، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق ئۈچ كىتابى بېسىلىپ، جەمئىيەتنى لەرزىگە سالدى. مانا بۇلار ئەھمەد زىيائىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى باسقۇچىدا يازغان ئەسەرلىرىدۇر.

**166 - سوئال: «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق روماندا قانداق مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟**

**جاۋاب:**

بۇ روماندا XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قەشقەر يېڭى شەھەرگە قاراشلىق كۆكچى يېزىسى سۇبھانالللا كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقە ماتېرىيال قىلىنىپ، سەئىدىن بىلەن رابىيەدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ئاياللار ئازادلىقى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن، خۇراپاتلىق پەردىلىرى يىرتىپ تاشلىنىپ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**167 - سوئال: ئەھمەد زىيائى 1947 - يىلى ئېلان قىلغان ئۈچ كىتابىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان**

قىلىدۇ.

جاۋاب:

«لاداخ يولىدا كاران» ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى، سەپەر جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ تىلى ئوبرازلىق، ھېسسىياتى چوڭقۇر، جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەسەر 40 ـ يىللار ئۇيغۇر نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

«ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» سىياسىي پۇبلىتسىتىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەقىقىي دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى پىكىر، مۇھاكىمىلىرى بايان قىلىنغان.

«توزىماس چېچەكلەر» شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئاخىرىغا «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى كىرگۈزۈلگەن. ئەسەرنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، تىلى رەڭدار ۋە ئويناق. توپلامدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى روشەن ئىپادىلەنگەن؛ يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، ھەق ـ ئادالەتنى ئۇلۇغلايدىغان، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن

ئايانمايدىغان پىداكار ۋە جەڭگىۋار ئىرادىسى ئىپادىلەنگەن؛ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئېچىپ تاشلانغان. پاك مۇھەببەت، سەممىيلىك، ساداقەت، ۋاپا ھەم دىيانەت ئۇلۇغلانغان.

**168 - سوئال: ئىبراھىم تۇردى كىم، تەرجىمھالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئىبراھىم تۇردى ئۇيغۇر رېئالىستىك شېئىرىيىتىدە دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، يۇمۇرلۇق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدىن مۇھىم ئورۇن ئالغان تالانتلىق شائىر.

ئىبراھىم تۇردى 1914 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىدە ھۈنەرۋەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1928 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. تۇرمۇش نامراتچىلىقى تۈپەيلى ئىش ئىزدەپ ئۆزبېكىستانغا چىققان. 1931 - يىلى يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. 1935 - يىلى يەنە ئۆزبېكىستانغا ئوقۇشقا چىقىپ، سەمەرقەنت يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ 1938 - يىلى قايتىپ كېلىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1949 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق

ئورۇنلاردا مەسئۇل كادىر بولۇپ خىزمەت قىلغان. بىراق 1958 - يىلىدىن تارتىپ سولچىل لۇشيەنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، ئاقىۋەت 1971 - يىلى 5 - ئايدا 57 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**169 - سوئال: ئىبراھىم تۇردى ئىجادىيىتىنى قاچان باشلىغان، قانداق ئەسەرلەرنى يازغان؟**

**جاۋاب:**

ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئىجادىيىتى 1945 - يىلى ساتىرىك شېئىر يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ شۇ مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرى ئازادلىقتىن كېيىن نەشر قىلىنغان كوللېكتىپ شېئىر توپلاملىرىغا ۋە بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1957 - يىلى نەشر قىلغان «كۆكلەم ئارزۇسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك شېئىرلىرى: «كۆكلەم ئارزۇسى»، «دوستۇم دېمە»، «يارىمغا»، «شائىرغا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**170 - سوئال: ئىبراھىم تۇردى شائىرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ھەم ۋەزىپىسىنى قانداق چۈشەندى؟**

**جاۋاب:**

ئىبراھىم تۇردى شائىر ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، كىم ئۈچۈن يېزىش ۋە قانداق يېزىش لازىملىقىنى بىلىۋېلىشى، ئادىل، سەزگۈر، خەلققە سادىق بولۇشى، جەمئىيەت

تەقدىرى بىلەن شائىرنىڭ تەقدىرى زىچ باغلانغان بولۇشى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ھادىسىلەرنى يورۇتۇش بۇرچىنى ئۆتىيەلىشى، ھەر قانداق نەرسىگە بىپەرۋا قارىماسلىقى، كۆرەشتە خەلقنى تەربىيىلەپ، توغرا يولغا باشلىيالىشى ئۈچۈن خەلقنىڭ خىزمەتچىسى، تەرغىباتچىسى، ھەققانىيەتچى جەڭچى بولۇشى، ئابرۇيپەرەسلىككە، مەنسەپپەرەسلىككە، شەخسىيەتچىلىككە قارشى كۆرەش قىلغۇچى بولۇشى كېرەك. شائىرنىڭ قورالى ئادالەت، ساداقەت، كەمتەرلىك، ئىھتىياتچانلىق قاتارلىق كىشىلىكنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدۇر، دەپ چۈشەندى. شۇڭلاشقا ئۇ سوۋېت شائىرلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى ئەمەلىي كۆرەش قايناملىرى ئىچىدە يېزىشقا ئاتىدى.

## 171 - سوئال: ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى قايسى نەرىلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

جاۋاب:

ئىبراھىم تۇردى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ئۇلاردىن قىممەتلىك ئوزۇق ئېلىپ، ئۆز شېئىرلىرىنى بېيىتتى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلدى. شۇنداقلا تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇشنى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ۋە ئۇز

غايىلىرى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى شۇ تۇرمۇش ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۆز ئىجادىغا يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى.

ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلق ئاممىسىغا، ئۆمرىنى ھالال ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئەمگەك مېۋىلىرىنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلىۋاتقان پىداكارلارغا بېغىشلىدى ۋە شۇلارنى مەدھىيىلىدى. ئۇ يەنە دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش قىلىپ، ئەينى زاماندا دىن ۋە ئۇنىڭ ئىنسان تەقدىرى توغرىسىدىكى ھەر تۈرلۈك يالغان - ياۋىداق ئويدۇرمىلىرىنى ھەجۋىي تىل بىلەن كۈلكە ئاستىغا ئالدى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن تېما خېلى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىدىيىۋى جەھەتتىن ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەدىئىي جەھەتتىنمۇ قىممىتى يۇقىرى تۇرىدۇ. شېئىرلاردىكى پىكىر ئىلغار ۋە روشەن، خەلق ئېغىز تىلىغا يېقىن كېلىدۇ. ئىبراھىم تۇردى مانا مۇشۇ خىل تۆھپىسى بىلەن ئۇيغۇر رېئالىستىك شېئىرىيىتىگە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشۇپ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

**172 - سوئال: قۇربان ئىمىننىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

جاۋاب:

پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن 1914 - يىلى قەشقەر شەھرىنىڭ تۆرە ياۋاغ مەھەللىسىدە ھۆپىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە دىنىي، پەننىي مەكتەپلەردە ۋە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق، تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كەلگەن. ئوقۇش جەريانىدا، ئىنقىلابىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئىدىيە ۋە ئىجادىيەتتە ئالغا بېسىپ «شوخ»، «ئەركىن» قاتارلىق ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن شېئىرلارنى يازغان. زۇلمەتلىك دەۋرنى، زالىملارنى شېئىر ئارقىلىق پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن تەھرىرلىك ئورنىدىن قوغلانغان.

**173 - سوئال: قۇربان ئىمىننىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

جاۋاب:

قۇربان ئىمىن دەسلەپكى ئىجادىيىتىنى قوشاق شەكلىدىكى قىسقا ھەجىملىك شېئىرلارنى يېزىشتىن باشلىدى. ئۇنىڭ «كېلىڭ ياشلار» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1937 - يىلى 12 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

شىڭ شىسەي ئىنقىلابقا، خەلققە ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن قاتتىق نارازى بولغان شائىر «شوخ»، «ئەركىن» قاتارلىق تەخەللۇسنى قوللىنىپ

«قانداق دەۋر بۇ؟» ، «ئالغا باس ياشلار» ، «ۋاقىت ئالتۇن» ، «كۆكلە شائىر» قاتارلىق شېئىرلارنى يازدى. 1944 - يىلى مارتتا «غۇنچەمگە خەت» ناملىق داستاننى يازدى. ئۇنىڭ شۇ زۇلمەتلىك يىللاردا يازغان يەنە «گۈلقىز» ، «ئىبرەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «توكيونىڭ تەقدىرى» ، «ئارسلان» ، «چېچىكىم» ، «ئاشنامغا دەشنام» ، «قايتقان ئوخشايدۇ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئالقىشقا ئېرىشكەن.

**174 - سوئال: قۇربان ئىمىن ئەسەرلىرىدە قانداق ئىدىيۋى مەزمۇننى ئەكس ئەتتۇردى؟**

**جاۋاب:**

قۇربان ئىمىن ئەسەرلىرىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ بەرگەن:

1. نادانلىق، قالاقلىقنى تۈگىتىپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش، ۋەتەننى ئىلىم - پەن ئارقىلىق جاھالەتتىن قۇتقۇزۇش، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ كەلگۈسىگە تەلپۈنۈشى ۋە كۆيۈنۈشى ئىپادىلەنگەن.

2. زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن، خارلىغان جىنايى قىلمىشلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۇردى.

3. ھەر مىللەت خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ،

خەلقىئارا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار كۈرەشكە قوزغىدى.

175 ـ سوئال: ئەمەت غوپۇرنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

شائىر ئەمەت غوپۇرى 1921 ـ يىلى ئاقسۇ ناهىيىسىدە هۇنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، ئۇ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق رۇس ئەدەبىياتى، سوۋېت ئەدەبىياتى، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق باشلىنىپ، زىيالىيلار تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان ۋاقىتلاردا ئەمەت غوپۇرىمۇ نەزەربەند قىلىنىدۇ. 1942 ـ يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەنگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، خوتەن ناهىيىلىك قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. كېسەل سەۋەبى بىلەن 1945 ـ يىلى باهاردا 24 يېشىدا ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ.

ئەمەت غوپۇرى 1940 ـ يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. 1941 — 1942 ـ يىللىرى «يانمايمىز»، «كۈرەش سۈبھىسى»، «غەلىبە بەختىمىز» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، «يانمايمىز» ناملىق شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. شائىر بۇ

مەزگىللەردە يازغان شېئىرلىرىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرەشنى قوللايدىغانلىقىنى، فاشىزمغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگونى ساتقان جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەسلىمچىلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. 1944 - يىلى خوتەندە يازغان «ئۈمۈر نايابى» ناملىق شېئىرىدا شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن ھاياتىنى خەلققە تەقدىم قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى، ئۆز ئىجادىدىن ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمەت غوپۇرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دەۋر روھى جارانلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى چوڭقۇر پىكىر ۋە كۈچلۈك ھېسسىياتقا ئىگە. شەكلى ھەر خىل بولۇپ، تىل جەھەتتە ئاددىي، چۈشىنىشلىك، خەلق ئېغىز تىلىغا يېقىن تۇرىدۇ.

**176 - سوئال: ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر كىم؟ ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەر خىل ژانىردىكى ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن مۇھىم تۆھپە قوشقان تالانتلىق يازغۇچى ۋە شائىر، ئالىم.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1923 - يىلى قۇمۇلدا سودىگەر

ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىككىدىنلا ئايرىلىپ قالغان، ئۇ كىچىككىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىڭى مىلىتارىستلار تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئائىلىسى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە كۆچۈپ بارغان. 1936 - يىلى ئۆتكۈر باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىدىكى بىرىنچى گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ مەكتەپتە پەننىي بىلىملەر ھەمدە رۇس ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىدۇ. 1942 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاساسەن مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەيدۇ. دەسلەپ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم، كېيىن گېزىتتە تەھرىر بولىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باش مۇھەررىرى، «ئالتاي» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. خىزمەت جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن تۈرك، ئەرەب، رۇس يېزىقىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇيغۇر قەدىمىي يېزىقلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن بولسا تەرجىمانلىق، تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1996 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

**177 - سوئال: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر كىچىككىدىنلا ناھايىتى تىرىشچان

بولۇپ، بالىلىق ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇغان، ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئەگرى - توقاي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىمۇ، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىرلار بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا 1939 - يىلى رەسمىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازىدۇ. 1940 - يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «يېڭى نۇر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گاڭ قانات لاچىن»، «كۆرەش دولقۇنلىرى» ناملىق مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى، 1942 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى، 1943 - يىلى يېزىلغان «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر» ناملىق دراممىسى شائىرنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ 1943 - يىلى دراماتورگ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ «چىن مودەن» ناملىق دراممىنى يېزىپ چىقىدۇ. 1946 - يىلى لەنجۇدا نەشر قىلىنغان «يۈرەك مۇڭلىرى»، 1948 - يىلى تيانشان نەشرىياتى تەرىپىدىن نەنجىڭدا نەشر قىلىنغان «تارىم بويلىرى» ناملىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى ۋە «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى مۇشۇ يىللاردا يېزىلغان ئەسەرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر

هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سېلىشتا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ قەتئىي بوشاشماستىن زور غەيرەت بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك شېئىرىيىتى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا يېڭى مېۋىلەرنى تەقدىم قىلىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى.

**178 ـ سوئال: «قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىڭ.**

**جاۋاب:**

«قەشقەر كېچىسى» دە، قەشقەر نەزەرباغ كەنتىدىكى نامرات دېھقان يىگىتى كېرىم بىلەن لەيلىنىڭ مۇھەببەت ۋەقەسى تەسۋىرلىنىدۇ. لەيلى بىلەن كېرىم بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، مۇھەببەتلىشىپ، توي قىلماقچى بولغاندا، لەيلىنىڭ ئۆگەي دادىسى لەيلىنى يېزىدىكى چوڭ باي ۋە ئەمەلدار بەگ ھاجىغا بېرىپ، بۇنىڭ بەدىلىگە بايلىق، مول ـ مۇلۈككە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بەگ ھاجىمۇ گۈزەل قىز لەيلىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ تويى بولىۋاتقان كېچىسى، كېرىم ئاغىنىلىرى بىلەن كېلىپ، لەيلىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. كېرىم بىلەن لەيلى ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىدۇ.

شائىر داستاندا بىر جۈپ ئاددىي ئوغۇل ـ قىزنىڭ ئەركىن مۇھەببەت، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە ئەركىن

تۇرمۇشقا ئېرىشىش يولىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانانە كۈرەشلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. داستاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، خەلقىنىڭ تىلى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوبرازلىق ھەم جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلىپ، كىتابخانلار كۆز ئالدىدا مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك كۆرۈنۈشى نامايان قىلىنغان. شۇڭلاشقا داستاننى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ شەجەرىسى، خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەش قىسسىسى دېيىشكە بولىدۇ.

**179 - سوئال: «قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

جاۋاب:

1. لىرىك ھېسسىيات بىلەن بايان زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. شائىر بايانىنىڭ ئىچىگە لىرىك ھېسسىياتنى، لىرىك ھېسسىياتنىڭ ئىچىگە بايانىنى سىڭدۈرۈپ، بىر گەۋدە قىلىپ، كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان قۇدرەتلىك بەدىئىي كۈچ ھاسىل قىلغان.

2. تەبىئىي مۇھىت بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئايرىلماس

تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. يەنى پېرسوناژلار پائالىيەت قىلغان جاي بىلەن گۈزەل مەنزىرە، پۈتۈن داستاننى چوڭقۇر، جىددىي، رەڭدار كەيپىيات، مۇھىت بىلەن بېزەپ بىر خىل گۈزەل، نۇرلۇق ھەم يېقىملىق مىلودىيىنى ھاسىل قىلغان.

3. داستاننىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا شائىرنىڭ ھېسسىياتى پارتلاپ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، شائىر ئۆز كۆڭلىدىن كەچكەن لىرىك پىكىرنى توغرىدىن توغرا ئىزھار قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل داستاننىڭ لىرىك مەزمۇنىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

4. داستان تىل جەھەتتىن پاساھەتلىك، ئوبرازلىق، مۇزىكىلىق، ئىخچام، چوڭقۇر پىكىرلىك بولۇشتەك مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭدا كلاسسىك داستانلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەينى بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىنمەي، بەلكى كونىدىن يېڭىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يېڭى رېئال تۇرمۇش ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

**180 - سوئال: ھامىد مەھمۇدنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

يېرىم ئەسىرگە يېقىن ھاياتىنى ۋەتىنىنىڭ نۇرلۇق سىماسىنى كۈيلەشكە سەرپ قىلغان شائىر ھامىد مەھمۇدى 1924 - يىلى قەشقەر شەھىرى ئىچىدە كىچىك تىجارەتچى

ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە يېشىدىن باشلاپ كونا ۋە يېڭى مەكتەپلەردە، 1937 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1946 - يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. شۇ يىلى 3 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، غۇلجىغا بارغان. شۇنىدىن كېيىن «ئالغا»، «ئويغان» گېزىتلىرىدە مۇھەررىرلىك قىلغان. 1950 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىدا تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1956 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى.

181 - سوئال: ھامىد مەھمۇدىنىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

شائىر ھامىد مەھمۇدى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا كىرىشكەن بولۇپ، 1941 - يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە ئۇنىڭ «بەس - بەس بىلەن ئىرىشىپ پاي توپلايلى» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇ «ۋەتەن پەرۋانىسى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇس بىلەن شېئىرىيەت مۇنبىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. ئاشۇ يىللاردا ئۇ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدە «غەلىبە چوقۇم جۇڭگونىڭ»، «تاڭ

ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق» ناملىق درامىلار بىلەن كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرى يازغان. ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابنى مەدھىيىلەپ، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق كۈيىنى ياڭراتقان شېئىرلىرى غۇلجىدا چىقىدىغان «كۈرەش» ژۇرنىلى، «ئالغا»، «ئويغان» گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.

شائىرنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى يازغان شېئىرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «كۈرەش كۈيلىرى» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى 1987 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «تارىخىي ئەسلىمە» ناملىق ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى 1991 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

**182 - سوئال: ھامىد مەھمۇدى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە قانداق تۆھپىلەرنى قوشقان؟**

**جاۋاب:**

ھامىد مەھمۇدى شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا تارىخ ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانى ۋە ئۇنىڭ نۇقسانى» ناملىق ئىككى قىسىملىق زور تارىخىي ئەسەرنى؛ XIX ئەسىردە ئاتۇش مەھشەت ۋە تۈركۆلدە ئۆتكەن ئالىم، شائىر ۋە جامائەت ئەربابى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى «ئالتۇن كەمەر» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى؛ سابىت داموللا ھاجىم (1903 — 1942) نىڭ ئىلمىي

پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «مەرھۇم سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى» ، «ئابلىز مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. «تارىخىي ساۋاقلار» ناملىق كىتابى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا.

**183 ـ سوئال: ئىمىن تۇرسۇننىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

ئىمىن تۇرسۇن 1925 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ چاغاتاي، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئائىلىسى بىلەن شىخو، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ، جەمئىيەت بىلەن ئۇچراشقان. 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن ئېچىلغان «نىيازىيە» مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، بۇ مەكتەپنى 1938 ـ يىلى تۈگەتكەن. مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا يەنە رۇس، خەنزۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1938 ـ يىلى نۆۋەتتىن سىرت ئىمتىھان بېرىپ، ئۈرۈمچى بىرىنچى گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1941 ـ يىلى ئوقۇشنى تۈگىتىپ، شۇندىن تارتىپ 1950 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن ۋە دارىلفۇنۇندا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئەدەبىي تىل

نەزەرىيىسى تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللاندى.

184 - سوئال: ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرۇڭ.

جاۋاب:

ئىمىن تۇرسۇن 1939 - يىلى ئىجادىيەتنى باشلىغان بولۇپ، سوۋېت ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن شېئىر يېزىپ مەكتەپ تام گېزىتلىرىدە ئېلان قىلدى. «ئوقۇيمەن»، «ئوقۇتقۇچى»، «ئاچىل»، «قويچى بالا» قاتارلىقلار ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ھېسابلىنىدۇ. 40 - يىللار ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئىجادىي ھاياتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ يىللاردا ئۇ خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي تېمىلاردا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئورغۇنلىغان شېئىرلارنى يازدى. ئۇ 1942 - يىلى يانۋاردا «ئۇلۇغ لېنىننى ئەسلەش»، «لېنىن يولىدا ئالغا» ناملىق پۇبلىتسىتىك ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا»، «يېڭى ئىجادىيىتىمىزنىڭ 10 يىللىقى»، «پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركى»، «ئەدەبىي مىراس ۋە ۋەسىقىلىرىمىز»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «چىن مودەن» قاتارلىق ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلدى.

ئىمىن تۇرسۇن تىياتىر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «يېرىم جىلىڭ - سەككىز سەر»، «بىرىنچى

تىياتىر» ناملىق كومېدىيەلەرنى، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنى يازدى. 1947 -، 1948 - يىللىرى «دەۋرانى» تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر مۇنچە شېئىرلىرى شائىرنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى روھىي ھالىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

شائىر 1949 - يىلى يانۋاردا يازغان «ئىشتىياق» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق قەلبىدە يېڭىدىن لاۋۇلداشقا باشلىغان ئۈمىد يالقۇنىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ئەسىرىنى ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە قىلىپ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. مانا بۇ ئۇلۇغ خىزمىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. شائىرنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھەۋەس» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1985 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

**185 - سوئال: رەھمەتۇللا جارىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ.**

**جاۋاب:**

رەھمەتۇللا جارى 1926 - يىلى قەشقەر شەھرىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1942 - يىلىغىچە

قەشقەر ھېيتگاھ جامائەسىدىكى دارىلمۇئەللىمىندا مەخسۇس پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 1942 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە «قەشقەر گېزىتى» باسمىخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا جۇڭگو ـ سوۋېت ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى ئاچقان بىر قانچە قېتىملىق كۇرسلاردا رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. 1948 ـ يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ رۇسچە تەرجىمانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، سوۋېت مەتبۇئاتىدىن خەلقئارا ئوبزور ـ ماقالىلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە بىر مەزگىل رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

رەھمىتۇللا جارى ئىجادىيەتنى 1946 ـ يىلى باشلىغان. ئۇنىڭ «سەنئەتكە مۇھەببەت» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان. ئۇ ئۆز ئىجادىي ھاياتىدا 400 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، رەڭدارلىقى، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشچانلىقى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر ھەم كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق تەرجىمان رەھمىتۇللا جارى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

### قوشۇمچە: ئۈلگە

# «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»(4)
# (ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى قىسمى)دىن

## ئىمتىھان سوئاللىرى

| سوئال تەرتىپى | I | II | III | IV | V | VI | VII | جەمئىي نومۇرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېرىشكەن نومۇرى | | | | | | | | |

| | |
|---|---|
| تەكشۈرگۈچى | |
| تەكشۈرگۈچى | |

I بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ: (ھەر بىر بوش ئورۇنغا بىردىن جەمئىي 15 نومۇر بېرىلىدۇ).

1. زۇنۇن قادىرى يىلى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.

2. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇش ئۈچۈن بېرىپ يىل بىلىم ئۆگەنگەن.

3. ئىبراھىم نورۇز «      »، «      »،
«      » قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان.

4. نىغمەت خەلپەت           - يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى           بىلەن بىر كامېردا ياتقان.

5. ئەھمەد زىيائى           - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ «           » ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.

6. ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈر «           » ناملىق داستاننى «           » دە ئېلان قىلغان.

7. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى دەسلەپكى ئۇستازى           ئىدى.

8. نۇرمۇھەممەت بوساقۇۋ           ياشتا ۋاپات بولدى.

II بىرنى تاللاڭ:

| | |
|---|---|
| نەتىجىسى | |
| تەكشۈرگۈچى | |

تۆۋەندە ھەر بىر سوئالغا ئۈچ خىل جاۋاب بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىرىلا توغرا، توغرا جاۋابنىڭ ھەرپ بەلگىسىنى سوئال كەينىدىكى تىرناق ئىچىگە يېزىڭ (ھەر بىرىگە بىردىن، جەمئىي 10 نومۇر بېرىلىدۇ).

1. «يات يوقىلىدۇ پات» ناملىق شېئىرنىڭ ئاپتورى:
A. ئەنۋەر ناسىرى ( ) B. نۇرمۇھەممەت بوساقۇۋ ( ) C. ئابدۇللا ھاپىز ( )

2. تېيىپجان ئېلىيوۋنىڭ «جەڭچى ئاكامغا» ناملىق شېئىرى يېزىلغان يىل:

A. 1945 (  ) B. 1949 (  ) C. 1944 (  )

3. «غېرىب ـ سەنەم» نى ئەڭ دەسلەپ سەھنىلەشتۈرگەن:

A. ئابدۇللا روزى (  ) B. ئەھمەد زىيائى (  )

C. قاسىمجان قەمبىرى (  )

4. «ئاكوپتا» ناملىق داستاننىڭ ئاپتورى:

A. ئەلقەم ئەختەم (  ) B. ئابلىز شېرىپى (  )

C. ئابلىز نازىرى (  )

5. ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىشنى كۆپ قوللىنىپ شېئىر يېزىپ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرغان شائىر:

A. نىم شېھىت (  ) B. لۇتپۇللا مۇتەللىپ (  ) C. ئىبراھىم تۇردى (  )

| | |
|---|---|
| نەتىجىسى | |
| تەكشۈرگۈچى | |

II ئىككىنى تاللاڭ:

تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ ھەر بىرىگە تۆتتىن جاۋاب بېرىلگەن، بۇنىڭدىن ئىككىسى توغرا، توغرىلىرىنى تاللاپ، سوئال كەينىدىكى تىرناق ئىچىگە ھەرپ بەلگىسىنى يېزىڭ. ئارتۇق ياكى كەم تاللىسىڭىز نومۇر بېرىلمەيدۇ (ھەر بىرىگە ئىككىدىن، جەمئىي 10 نومۇر بېرىلىدۇ).

1. ئەھمەد زىيائىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېلان قىلغان شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرى:

A. «تەربىيەت» (   ) B. «گۇخشايدۇ» (   )
C. مۇھەببەت ۋە ھايات (   ) D. «رابىيە ـ سەئىدىن»
(   )

2. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قوللانغان ئەدەبىي تەخەللۇسلىرى:

A. «قاينام گۆركىشى» (   ) B. «گۈيغان» (   )
C. «سەنئەت خۇمارى» (   ) D. «زېرەك» (   )

3. تۆۋەندىكى شائىرلارنىڭ قايسىلىرى گەزھەردارلىقلۇقىدا گوقۇغان:

A. ناسىرھا ئىمىن (   ) B. ئىسمايىل ھاجى
(   ) C. ئەھمەد ئىگەمبەردى (   ) D. قۇتلۇق ھاجى
شەۋقى (   )

4. تۆۋەندىكى درامىلارنىڭ قايسىلىرىنى سەيپىدىن ئەزىزى يازغان:

A. «18 ـ ئاۋغۇست ھارىسى» (   ) B. «كۆرەش قىلايلى» (   ) C. «چاقىرىلمىغان مېھمان» (   )
D. «سىگنال» (   )

5. تۆۋەندىكى شائىرلارنىڭ قايسىلىرى مۇدەررىسلىك قىلغان:

A. ئابدۇللا سادىق (   ) B. رەھمىتۇللا جارى
(   ) C. مۇھەممەت پەيزى (   ) D. ئىسمايىل
ھاجى (   )

| | |
|---|---|
| نەتىجىسى | |
| تەكشۈرگۈچى | |

IV تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاڭ: (ھەر بىر ئاتالغۇغا بىردىن، جەمئىي 15 نومۇر بېرىلىدۇ).

1. «گېلاۋخوي»؛ 2. «تۇڭمېڭخۇي»؛ 3. «سانائەت-نەفىسە»

| | |
|---|---|
| نەتىجىسى | |
| تەكشۈرگۈچى | |

V ھۆكۈم قىلىڭ: تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا - خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، توغرىسىغا «✓» بەلگىسىنى، خاتاسىغا «×» بەلگىسىنى قويۇڭ (ھەر بىرىگە ئىككىدىن، جەمئىي 10 نومۇر بېرىلىدۇ).

1. ناسۇھا ئىمىن ئۆز ھاياتىدا 3800 پارچە شېئىر يازغان ( )

2. سېيىت نوچى «روسىيىدە ئاتقان تاڭ» دەپ شېئىر يازغان ( )

3. ئىبراھىم نورۇز «گۈلەمخان» دەپ دراما يازغان ( )

4. ئەھمەد زىيائى «شىنجاڭ گېزىتى»گە باش مۇھەررىر بولغان ( )

5. «يېتىم توختى» ناملىق ھېكايىنى ھەزىنى يازغان ( )

| | |
|---|---|
| نەتىجىسى | |
| تەكشۈرگۈچى | |

**VI تۆۋەندىكى سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىڭ:**

(ھەر بىرىگە 10 دىن، جەمئىي 20 نومۇر بېرىلىدۇ).

1. «ئەجەل ھودۇقىشىدا» ناملىق فىلىيەتوننى نېمە ئۈچۈن چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەيمىز؟

2. مەمتىلى ئەپەندى «ئويغىنىڭ ئەملى جاھان» ناملىق مەشھۇر شېئىرىدا خەلقىمىزنى نېمىگە رىغبەتلەندۈرىدۇ؟

| | |
|---|---|
| نەتىجىسى | |
| تەكشۈرگۈچى | |

**VII تۆۋەندىكى سوئاللارنى تەھلىل قىلىڭ:**

(ھەر بىرىگە 10 دىن، جەمئىي 20 نومۇر بېرىلىدۇ).

1. «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى» ناملىق شېئىرنى تەھلىل قىلىڭ.

2. شائىر نىم شېھىتنىڭ «بۈيۈك جۇڭگو» ناملىق شېئىرنى تەھلىل قىلىڭ.

## سوئاللارنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى

I سوئالنىڭ جاۋابى:

1. 1911 ـ يىل، دۆربىلجىن
2. 1923 ـ يىل، ئۈچ يىل
3. ئۇزۇگۇم، خەلق ئاھەدىن ئۇر، گۈلەمخان
4. 1942 — 1943 ـ يىللىرى، ئەھمەتجان قاسىمى
5. 1943 ـ يىل، شىنجاڭ گېزىتى
6. «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ، «شىنجاڭ گېزىتى»
7. ئەنۋەر ناسىرى
8. 32 ياشتا

II سوئالنىڭ جاۋابى:

1. B؛ 2. A؛ 3. C؛ 4. B؛ 5. A.

III سوئالنىڭ جاۋابى:

1. C, D؛ 2. A, C؛ 3. A, D؛ 4. A, C؛
5. A, C.

IV سوئالنىڭ جاۋابى:

1. «گېلاۋخۇي» — قېرىنداشلار جەمئىيىتى دېگەن

سۆز بولۇپ، چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەد قىلغان، زوراۋانلاردىن ئۆچ ۋە ئىنتىقام ئالغۇچى ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ نامى.

2. «تۇڭمېڭخۇي» — ئىنتىپاقداشلار جەمئىيىتى دېگەن سۆز بولۇپ، 1905 - يىلى جۇڭگولۇقلار ياپونىيىدە قۇرغان ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ نامى.

3. «سانائىنەفىسە» — سەنئەت ئۆمىكى دېگەن سۆز بولۇپ، 30 — 40 - يىللاردا ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئۇيغۇر سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ نامى.

V سوئالنىڭ جاۋابى:

1. × 2. ✓ 3. ✓ 4. × 5. ×

VI سوئالنىڭ جاۋابى:

1. بۇ فېلىيەتوندا شائىر مۇسسولىن بىلەن گېتلىرنىڭ سۆھبىتى، ئىتالىيە گېنېرالىنىڭ سۆھبىتى، مۇسسولىنىنىڭ چۈشىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، فاشىزمنىڭ مۇقەررەر

ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىدۇ. فېلىيەتوننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتور رېئال تارىخىي شەخسلەرنى يېزىپ سىياسىي نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنىڭ ئورنىغا بەدىئىي شەكىلنى قوللىنىپ، فاشىستلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. دراماتىك شەكىل ھاسىل قىلىپ، گېتلېرنىڭ، مۇسسولىنىنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى كۈلكە ئاستىغا ئالىدۇ.

2. شائىر مەمتىلى ئەپەندى بۇ شېئىرىدا، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن گۇرۇھىنىڭ خەلقنى «نادانلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى قاتتىق سۆكۈپ، كۈندىن كۈنگە ھالى خاراپلاشقان، ئېزىلگەن، يانچىلغان ۋە نادان خەلققە بەختىيارلىق، ھۆرلۈك يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئەۋلادلارنى تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە ئوخشاش ئىلىم - پەننى، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز ئېلىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئىلھام بېرىدۇ.

### VII سوئالنىڭ جاۋابى:

1. خوتەنلىك شائىر مۇھەممەت تۇردى قاسىمى (ھەزىنى)نىڭ بۇ شېئىرى 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى يېزىلغان بولۇپ، «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

ھەربىي ئىستىبدات ماخۇسەن قوشۇنلىرى خوتەن رايونىدا 1934 - يىلى 7 - ئايدىن 1937 - يىلى 10 - ئايغا

قەدەر ئۈچ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، خوتەن خەلقىگە ھەددى - ھېسابسىز كۈلپەت - جاپا سالدى.
شائىر بۇ شېئىرىدا ماخۇسەن باندىتلىرىنىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار - سەيسىلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. خەلقنىڭ قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم، مۇڭ - زارنى ئۆتكۈر قەلىمى ۋە كۈچلۈك ھېسسىياتى بىلەن بايان قىلىدۇ، يەنى شائىر ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى ۋەكىل بولغان كىشىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقى، چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شېئىر ئەينى ۋاقىتتىلا قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ، خەلق ئاممىسى ئىچىگە تېزلا تارقىلىدۇ ۋە مىسلىسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت شائىرنى مۇشۇ شېئىرنى يازغانلىقى تۈپەيلى قولغا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

2. بۇ شېئىر 1942 - يىل يېزىلغان بولۇپ، شېئىردا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بايلىقى، گۈزەللىكىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلەپ، ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئانا تۇپراققا ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى، ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلارنىڭ قان دەرياسىغا ئايلانغانلىقى، بىراق قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئېلىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنلەرنى چوقۇم تارمار قىلىدىغانلىقى، فاشىزمنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئادىلجان ئابدۇللا

ISBN 7-5631-0533-6
9 787563 105335 >

ISBN7 - 5631 - 0533 - 6
G · 541　定价 8.00元